مۇقەددەس كىتاب

# رىملىقلارغا

## يېزىلغان خەت

45

# رىملىقلارغا
# يېزىلغان خەت

## مۇقەددەس كىتاب - يېڭى ئەھدە
## (ئىنجىل)
## 6-قىسىم

1950-يىلدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# رىملىقلارغا پېزىلغان خەت

## مۇقەددىمە

1 1 روسۇللۇققا قىچقىرىلىپ، خۇدانىڭ ئىنجىلىنى يەتكۈزۈشكە ئىلغىنىپ، ئەيسا مەسىھنىڭ
بەندىسى بولغان پاۋلۇستىن سالام! 2 بۇ ئىنجىلنى خۇدا ئىلگىرىدىن ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ
ۋاستىسى بىلەن مۇقەددەس يازمىلاردا ۋەدە قىلغاندۇر. 3 شۇ ئىنجىلى ئۇنىڭ ئوغلى، يەنى
جىسىم تەرىپىدىن داۋۇدنىڭ نەسلىدىن تۇغۇلۇپ، 4 مۇقەددەس روھ تەرىپىدىن ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن
قوپقىنى بىلەن كۈچ-قۇدرەت ئىگىسى ئىبن ئاللا ئىكەنلىكىگە شاھادەت تاپقان خۇداۋەندىمىز
ئەيسا مەسىھ توغرىسىدا خەۋەر بېرىدۇ. 5 ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆز ئىسمىغا شان-شەرەپ
بەرمەك ئۈچۈن ھەممە تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىمانغا ئىتائەتمەنلىك ئورناشتۇرغىلى مېھىر-
شەپقەت ۋە روسۇللۇق مەنسىپىنى قوبۇل قىلدۇق. 6 سىلەر دەۋەت قىلىنىپ، ئەيسا مەسىھنىڭكى
بولغانلار ھەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدىدۇر سىلەر. 7 ھەممىڭلارغا، يەنى دەۋەت قىلىنغان مۇقەددەسلەر
ۋە خۇدانىڭ ئامراقلىرى بولغان رىمدا ئولتۇرغۇچىلارغا سالام. خۇدا ئاتىمىز ۋە خۇداۋەندىمىز ئەيسا
مەسىھ سىلەرگە مېھىر-شەپقەت ۋە ئامانلىق ئاتا قىلغاي!

## پاۋلۇسنىڭ رىمغا بېرىشنى ئارزۇ قىلىشى

8 ئاۋۋال سىلەرنىڭ ئىمانىڭلار پۈتۈن يەر يۈزىدە مەشھۇر بولغىنى ئۈچۈن ھەممەڭلارنىڭ
جەھەتىدىن ئەيسا مەسىھنىڭ ۋاستىسى بىلەن خۇداغا شۈكۈر قىلىمەن. 9 چۈنكى مەن ئۇنىڭ
ئوغلىنىڭ ئىنجىلىنى جاكارلاپ، روھۇمدا خىزمەت قىلىۋاتقان خۇدايىم سىلەرنى ھەمىشە ياد
قىلىپ تۇرۇۋاتقىنىمغا گۇۋاھتۇر. 10 خۇدانىڭ ئىرادىسى بولسا، سىلەرگە كەلگىلى ماڭا پۇرسەت
بولغاي دەپ، دۇئالىرىمدا ھەمىشە تەلەپ قىلىپ تۇرىمەن. 11 چۈنكى قۇۋۋەتلەنمىكىڭلار ئۈچۈن
سىلەرگە بىر روھىي نېمەت بېرەي دەپ، سىلەرنى كۆرگىلى ئارزۇ قىلىمەن، 12 يەنى مەن ئاراڭلاردا
بولسام، بىز ئۆزئارا ھەربىرىمىزنىڭ ئىمانى بىلەن، يەنى مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ ئىمانىڭلار بىلەن
تەسەللى تېپىشىپ تۇرغايمىز. 13 ئەمدى، ئەي بۇرادەرلەر، مېنىڭ باشقا تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدا
بولغاندەك سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھەم بىر مېۋەم بولسۇن دەپ، ئالدىڭلارغا كەلگىلى نەچچە
مەرتىۋە ئارزۇ قىلغىنىمدىن بىخەۋەر بولۇشۇڭلارنى خالىمايمەن، ئەمما بۇ ۋاقىتقىچە ماڭا
مۇمكىن بولمىغان. 14 يۇنانىيلار بىلەن باشقا تائىپىلەرگە، دانالار بىلەن نادانلارغا پەرزىم بار.
15 ئۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر رىملىقلارغا ھەم ئىنجىلنى يەتكۈزگىلى تەيياردۇرمەن.

## ئىنجىلنىڭ قۇدرىتى

[16] مەن ئىنجىلدىن ئۇياتمايمەن، چۈنكى ئۇ ھەربىر ئىمان كەلتۈرگۈچىگە، ئاۋۋال يەھۇدىيلارغا، ئەمما يۇنانىيلارغا ھەم، ھەممىسىگە نىجات ئۈچۈن خۇدانىڭ قۇدرىتىدۇر. [17] چۈنكى: «ئادىل كىشى ئىمان بىلەن ياشايدۇ» دەپ پۈتۈلگەندەك، ئىنجىلدا خۇدانىڭ ئادالىتى، ئىماندىن ئىمانغا، ئاشكارا بولدى.

## خۇدانىڭ غەزىپى

[18] چۈنكى خۇدانىڭ غەزىپى بولسا ناھەقلىق بىلەن ھەقىقەتنى توسىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممە پاسىقلىقى ۋە ھەقسىزلىقى ئۈستىگە ئاسماندىن ئاشكارا بولىدۇ. [19] چۈنكى خۇدا توغرىسىدا مەلۇم بولغىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاشكارىدۇر. خۇدا ئۆزى ئۇنى ئاشكارا قىلغان. [20] چۈنكى ئۇنىڭ كۆرۈنمىگەن سۈپەتلىرى، يەنى ئەبەدىي قۇدرىتى ۋە خۇدالىقى، دۇنيا يارىتىلغاندىن بېرى ئۆزى قىلغان ئەمەللەردىن مەلۇمدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزرىسىزدۇر. [21] چۈنكى ئۇلار خۇدانى تونۇپ تۇرۇپ، خۇدالىقىغا لايىق شان-شەرەپ بېرىپ شۈكۈر ئېيتماي، ئىناۋەتسىز پىكىرلەر قىلدى. ئۇلارنىڭ پەمسىز كۆڭۈللىرى قاراڭغۇلۇققا تولدى. [22] ئۆزىنى دانا ئېيتىپ، ئەخمەق بولۇپ، [23] تەبدىللىك تاپمايدىغان خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ ئورنىغا پانىي ئىنساننىڭ، ئۇچارقاناتلارنىڭ، تۆت ئاياغلىق ھايۋانلارنىڭ ۋە ئۆمىلەيدىغان جانىۋارلارغا ئوخشايدىغان بۇتلارنى ئالماشتۇرۇپ قويدى.
[24] ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا ئۇلارنى بىر-بىرىنىڭ بەدەنلىرىنى رەسۋا قىلىشقىلى كۆڭۈللىرىنىڭ شەھۋىتىگە ۋە ناپاكلىققا تاپشۇردى. [25] ئۇلار خۇدانىڭ ھەقىقىتىنى يالغانغا تېگىشىپ، ياراتقۇچىنىڭ ئورنىدا مەخلۇققا باش ئېگىپ ئىبادەت قىلدى. مانا ياراتقۇچى ئۆزى ئەبەدلىئەبەد مۇبارەكتۇر ئامىن. [26] خۇدا ئۇلارنى ئۇياتسىز شەھۋەتلەرگە تاپشۇردى. چۈنكى ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى تەبىئەتكە مۇۋاپىق مۇناسىۋەت قىلىشنى تەبىئەتكە زىت تۇرىدىغان مۇناسىۋەتكە تېگىشتى. [27] شۇنداق ھەم ئەر كىشىلەر خوتۇن بىلەن تەبىئەتكە مۇۋاپىق مۇناسىۋەت قىلىشنى تاشلاپ، ئۆز شەھۋەتلىرىدە بىر-بىرىگە كۆيۈشۈپ، ئەر كىشى ئەر كىشى بىلەن رەسۋالىق قىلىشىپ، ئۆز گۇمراھلىقىنىڭ جازاسىنى تاپتى.
[28] ئۇلار خۇدا توغرىسىدىكى بىلىشنى ساقلىغىلى خالىمىغاندىن كېيىن، خۇدا ئۇلارنى نالايىق ئىشلارنى قىلغىلى پەس زېھنىگە تاپشۇردى. [29] ئۇلار ھەر ھەقسىزلىق، بۇزۇقلۇق، تەمەخورلۇق ۋە يامانلىق بىلەن تولۇپ، ھەسەت، قاتىللىق، جېدەل، ھىيلە ۋە ئەسكىلىك بىلەن تولۇقتۇر. [30] ئۇلار گەپ توشۇپ، غەيۋەت قىلغۇچى بولۇپ، خۇدانىڭ ئالدىدا يىرگىنچلىك بولۇپ، زۇلۇم قىلغۇچى، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ يوغان گەپ قىلىپ، يامانلىق چىقارغۇچى بولۇپ، ئاتا-ئانىسىغا ئىتائەت قىلماي، [31] ئەقىلسىز، ۋاپاسىز، مۇھەببەتسىز ۋە رەھىمسىزدۇر. [32] ئۇلار «ئۇنداق ئىشلارنى قىلغۇچىلار ئۆلۈمگە لايىق ئىكەن» دەپ خۇدانىڭ ئادىل ھۆكۈمى بولغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزى قىلغىنى بىلەن توختىماي، شۇنداق ئىشنى قىلغۇچىلارغا رىزالىق بىلدۈرىدۇ.

## خۇدانىڭ ئادىل ھۆكۈمى

2 [1] ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئەي ھۆكۈم قىلغۇچى ئىنسان، كىم بولساڭ، ئۆزرەڭ يوقتۇر. ئەي ھۆكۈم قىلغۇچى، ئۆزۈڭ شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپ، باشقىسىنى ھۆكۈم قىلغىنىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى ھۆكۈم قىلىسەن. [2] شۇنداق ئىشلارنى قىلغۇچىلارنىڭ ئۈستىگە خۇدانىڭ ھۆكۈمى ھەق بولغىنىنى بىلىمىز. [3] ئەي ئادەم، شۇنداق ئىشلار قىلغۇچىلارنى ھۆكۈم قىلىپ، ئۆزۈڭ ئۇلارنى قىلىپ تۇرساڭ، خۇدانىڭ ھۆكۈمىدىن قېچىشنى خىيال قىلىسەنمۇ؟ [4] خۇدانىڭ مېھربانلىقى سېنى توۋۋاغا باشلىشىنى بىلمەي، ئۇنىڭ مېھرىنىڭ ۋە سەۋرىنىڭ ۋە كۆڭۈل كەڭلىكىنىڭ غەنىيلىكىنى كۆزگە ئىلمامسەن؟ [5] مانا ئۆز قاتتىقلىقىڭ ۋە توۋا قىلمايدىغان كۆڭلۈڭ بىلەن خۇدانىڭ غەزىپىنى ۋە ئادىل ھۆكۈمىنى ئاشكارا قىلىدىغان كۈنى كەلگەندە ئۆزۈڭگە غەزەپ يىغىسەن. [6] چۈنكى ئۇ ئۆزى ھەركىمنىڭ ئەمەلىگە قاراپ ياندۇرىدۇ. [7] ياخشى ئەمەلدە سەۋر قىلىپ، شان-شەرەپ ۋە ئىززەت ۋە باقىيلىقنى ئىزدىگۈچىلەرگە ئەبەدىي ھاياتلىق بېرىدۇ. [8] لېكىن مۇخالىپ بولۇپ، ھەقىقەتكە ئىتائەت قىلماي، ھەقسىزلىققا ئىتائەت قىلغۇچىلارنىڭ ئۈستىگە غەزەپ ۋە ئاچچىق كېلىدۇ. [9] دەرۋەقە تەڭلىك ۋە تارلىق يامانلىق قىلغۇچى ئادەمگە، يەھۇدىي بولسا ۋە يا يۇنانىي بولسا، ھەربىرىگە كېلىدۇ. [10] لېكىن شان-شەرەپ ۋە ئىززەت ۋە ئامانلىق ياخشىلىق قىلغۇچىغا، يەھۇدىي بولسا ۋە يا يۇنانىي بولسا، ھەربىرىگە بولىدۇ. [11] چۈنكى خۇدانىڭ ئالدىدا يۈز-خاتىرە قىلىش يوقتۇر. [12] قانۇنسىز بولۇپ گۇناھ قىلغانلار قانۇنسىز ھالاك بولىدۇ ۋە تەۋرات قانۇنى بىلىپ گۇناھ قىلغانلار تەۋرات قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىنىدۇ. [13] چۈنكى قانۇننى ئاڭلىغۇچىلار خۇدانىڭ ئالدىدا ئادىل ئەمەس، بەلكى قانۇننى قىلغۇچىلار ئادىل قىلىنىدۇ. [14] تەۋرات قانۇنى يوق تائىپىلەر قانۇن بۇيرۇغىنىنى تەبىئەتتىن قىلغىنىدا، تەۋرات قانۇنى بولمىسا ھەم، ئۇلار ئۆز-ئۆزىگە قانۇن بولىدۇ [15] ۋە ئۇلار ئۆز ۋىجدانلىرىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى ۋە پىكىرلىرىنىڭ ئۆزئارا شىكايەت قىلىشى ياكى ئۆزرە كەلتۈرۈشى بىلەن قانۇن بۇيرۇقلىرىنىڭ ئۆز كۆڭۈللىرىدە پۈتۈلگىنىنى كۆرسىتىدۇ. [16] خۇدا ئەيسا مەسىھنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن مېنىڭ ئىنجىلىمغا مۇۋاپىق ئادەملەرنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرىنى ھۆكۈم قىلىدىغان كۈندە شۇنداق بولىدۇ.

## يەھۇدىيلار ۋە تەۋرات قانۇنى

[17] لېكىن سەن يەھۇدىي دەپ ئاتىلىپ، تەۋرات قانۇنىغا يۆلىنىپ، خۇدا بىلەن پەخىرلىنىسەن. [18] ئۇنىڭ ئىرادىسىنى بىلىپ، تەۋرات قانۇنىدىن تەلىم ئېلىپ راستلىقنى تەڭشەيسەن [19] ۋە ئۆزۈڭنى كورلارغا يېتەكلىگۈچى ۋە قاراڭغۇلۇقتىكىلەرگە نۇردەك بىلىسەن. [20] تەۋرات قانۇنىدىكى مەرىپەتنىڭ ۋە ھەقىقەتنىڭ ئەينىكى مەندە بار دەپ، ئۆزۈڭنى ئەقىلسىزلارنىڭ تەربىيە قىلغۇچىسى ۋە نادانلارنىڭ مۇئەللىمى كۆرىسەن. [21] سەن باشقىسىغا ئۆگىتىپ، ئۆزۈڭگە ئۆگەتمەمسەن؟ «ئوغرىلىق قىلمىغىن» دەپ، ۋەز ئېيتىپ ئۆزۈڭ ئوغرىلامسەن؟

[22] «زىنا قىلمىغىن» دەپ ئېيتىپ، ئۆزۈڭ زىنا قىلامسەن؟ بۇت سۈرەتلىرىنى يامان ئېلىپ، ئىبادەت خانىلارنى تالامسەن؟ [23] تەۋرات قانۇنى بىلەن پەخىرلىنىپ، ئۆزۈڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغىنىڭ بىلەن خۇدانى دەشنەم قىلمايسەنمۇ؟ [24] چۈنكى شۇنداق پۈتۈلگەنكى: «سىلەرنىڭ سەۋەبىڭلار بىلەن خۇدانىڭ ئىسمى تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدا كۇپۇرلۇق قىلىنىدۇ».
[25] ئەگەر تەۋرات قانۇنىنى تۇتساڭ، خەتنىنىڭ پايدىسى بار. لېكىن تەۋرات قانۇنىنى تۇتمىساڭ، خەتنەڭ خەتنىسىزلىكتەك بولدى. [26] ئەگەر خەتنىسىز بىرى تەۋرات قانۇنىنىڭ ئەھكامىنى تۇتسا، ئۇنىڭ خەتنىسىزلىكى خەتنىدەك سانالمامدۇ؟ [27] شۇنداقتا ئەسلىدىن خەتنىسىز بولۇپ، تەۋرات قانۇنىنى تۇتقۇچى ئۆزى: «سەندە كىتاب ۋە خەتنە بولسا ھەم، تەۋرات قانۇنغا خىلاپلىق قىلىسەن» دەپ سېنى ھۆكۈم قىلىدۇ. [28] چۈنكى زاھىردا يەھۇدىي بولغان ئادەم يەھۇدىي ئەمەس ۋە تەندە بولغان زاھىردىكى خەتنە ئۆزى خەتنىلىك ئەمەس، [29] بەلكى كۆڭلىدە يەھۇدىي بولغان ئادەم يەھۇدىيدۇر ۋە رەسىم بىلەن بولماي، كۆڭۈلنىڭ روھ بىلەن بولغان خەتنىسى ئۆزى خەتنىلىكتۇر، ۋە ئۇنىڭ ئىززىتى ئادەملەردىن ئەمەس، بەلكى خۇدادىندۇر.

## يەھۇدىيلارغا تەۋرات قانۇنىنىڭ مەنپەئىتى

3 [1] يەھۇدىينىڭ پەزىلىتى نېمە ياكى خەتنىنىڭ مەنپەئىتى نېمە ئىكەن؟ [2] ھەر جەھەتتىن تولىدۇر. ئاۋۋال شۇكى، خۇدانىڭ ۋەدىلىرى ئۇلارغا ئامانەت قىلىنغان. [3] ئۇلارنىڭ بەزىسى ساداقەتسىز بولسا، نېمە بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ساداقەتسىزلىكى خۇدانىڭ ساداقەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىناۋەتسىز قىلارمۇ؟ [4] ياق ھەرگىز! بەلكى: «ئۆز سۆزلىرىڭدە ئادىل ۋە ھۆكۈم قىلغىنىڭدا غالىب بولغايسەن» دەپ پۈتۈلگەندەك ھەر ئادەم يالغانچى بولسىمۇ، خۇدا سادىقتۇر.
[5] ئەگەر بىزنىڭ ئادالەتسىزلىكىمىز خۇدانىڭ ئادالىتىنى ئاشكارا قىلسا، نېمە ئېيتىمىز؟ غەزەپىنى ئەۋەتىدىغان خۇدا ئادىل ئەمەسمۇ مەن ئادەمچە سۆز قىلىمەن؟ [6] ياق ھەرگىز! ئۇنداق بولسا، خۇدا دۇنيانى قانداق ھۆكۈم قىلالايدۇ؟ [7] ئەمما ئەگەر خۇدانىڭ ساداقىتى ئۇنىڭ ئۆز شان-شەرىپى ئۈچۈن مېنىڭ يالغانچىلىقىم بىلەن زىيادىرەك ئاشكارا بولغان بولسا، مەن نېمىشقا تېخى گۇناھكاردەك ھۆكۈم قىلىنىمەن؟ [8] ئۇنداق بولسا، بەزىلەر بىزنى: «‹ يامانلىق قىلايلى، بۇنىڭدىن ياخشىلىق چىقار› دەيدۇ» دەپ بىزنى دەشنەم قىلىپ ئېيتقىنىدەك نېمىشقا قىلمايمىز؟ ئۇنداق ئېيتقۇچىلارغا بولىدىغان ھۆكۈم ھەقتۇر.

## ئادىل ئادەم يوقتۇر

[9] ئەمدى نېمە دەيمىز؟ بىز تائىپىلەردىن ئەۋزەلمۇ؟ ياق ھەرگىز! بىز يەھۇدىيلارنىڭ ۋە يۇنانىيلارنىڭ ئۇستىدىن، ھەممىسى گۇناھنىڭ تېگىدىدۇر دەپ، شىكايەت قىلمىدۇقمۇ؟

[10] چۈنكى شۇنداق پۈتۈلگەنكى: «ئادىل ئادەم يوق، ھەتتا بىرى ھەم يوقتۇر.
[11] ئاقىل ئادەم يوق، خۇدانى ئىزدىگۈچى يوقتۇر.
[12] ھەممىسى ئېزىقىپ كەتكەندۇر، ھەممىسى بۇزۇلۇشقاندۇر. ياخشىلىق قىلغۇچى يوق، ھەتتا بىرى ھەم يوقتۇر.
[13] ئۇلارنىڭ گېلى ئوچۇق قەبرىدۇر، ئۆز تىلىنى ھىيلىگە ئىشلىتىدۇ. لەۋلىرىنىڭ تېگىدە يىلان زەھىرى بار.
[14] ئۇلارنىڭ ئاغزى لەنەت ۋە ئاچچىق بىلەن تولغاندۇر.
[15] ئۇلارنىڭ پۇتلىرى قان تۆككىلى ئالدىرايدۇ.
[16] ۋەيرانلىق ۋە تەڭلىك ئۇلارنىڭ يوللىرىدىدۇر.
[17] ئۇلار ئامانلىقنىڭ يولى بىلمەيدۇ.
[18] كۆزلىرىنىڭ ئالدىدا خۇدانىڭ قورقۇنچى يوقتۇر.
[19] بىز بىلىمىزكى، تەۋرات قانۇنى ھەرنېمە ئېيتسا قانۇننىڭ تېگىدىكىلەرگە ئېيتىدۇ. دېمەك
ھەر ئېغىز باغلىنىپ، بارچە دۇنيا خۇدانىڭ ئالدىدا ھۆكۈمگە لايىق بولىدۇ. [20] چۈنكى تەۋرات
قانۇنغا ئەمەل قىلىش بىلەن ھېچبىر ئادەم ئۇنىڭ ئالدىدا ئادىل قىلىنمايدۇ، ئەمما قانۇن
ئارقىلىق گۇناھنىڭ تونۇلۇشى بولىدۇ.

## ئىماننىڭ ۋاستىسى بىلەن ئادىل قىلىنىش

[21] لېكىن ئەمدى تەۋراتتىن ۋە پەيغەمبەرلەردىن شاھادەت تېپىپ، تەۋرات قانۇننىڭ سىرتىدا
بولغان بىر ئادالەت خۇدا تەرىپىدىن ئاشكارا بولدى. [22] يەنى، ھەممە ئىشەنگەنلەرگە ئەيسا
مەسىھكە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن خۇدا تەرىپىدىن بولغان ئادالەت ئاشكارا بولدى. مانا
ھېچ ئايرىمچىلىق يوقتۇر. [23] چۈنكى ھەممىسى گۇناھ قىلىپ، خۇدانىڭ شان-شەرىپىدىن
مەھرۇم قالدى، [24] لېكىن ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتىدىن ئەيسا مەسىھتىكى پىدانىڭ ۋاستىسى
بىلەن خالىس ئادىل قىلىنىدۇ. [25] خۇدا ئىلگىرىكى زامانلاردا ئۆتكەن گۇناھلارغا سەۋر-
تاقەت قىلىپ، ئۆز ئادالىتىنى ئاشكارا قىلماق ئۈچۈن مەسىھنى، ئۇنىڭ ئۆز قېنىغا ئىمان
باغلىشى بىلەن، بىر كاپارەت بولۇشقا تەيىنلەپ قويدى. [26] شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھازىرقى
زاماندا ئۆز ئادالىتىنى ئاشكارا قىلىپ، ئۆزى ئادىل بولۇپ، ئەيساغا ئىمان كەلتۈرگۈچىنى
ئادىل قىلىدۇ.
[27] ئۇنداق بولسا، پەخرىمىز قېنى؟ ئۇ كېسىلىپ كەتتى. قايسى قانۇن بىلەن؟ ئەمەللەرنىڭ
قانۇنى بىلەنمۇ؟ ياق، بەلكى ئىماننىڭ قانۇنى بىلەن كېسىلىپ كەتتى. [28] كۆرىمىزكى،
ئىنسان قانۇنغا ئەمەل قىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىمان بىلەن ئادىل قىلىنىدۇ. [29] ياكى
خۇدا يالغۇز يەھۇدىيلارنىڭ تەڭرىسىمۇ؟ تائىپىلەرنىڭكى ھەم ئەمەسمۇ؟ دەرۋەقە ئۇ ھەم
تائىپىلەرنىڭ تەڭرىسىدۇر. [30] چۈنكى خۇدا بىر بولۇپ، خەتنىلىكلەرنى ئىمان بىلەن ۋە

خەتنىسىزلەرنى ھەم ئىمان بىلەن ئادىل قىلىدۇ. 31 تەۋرات قانۇنىنى ئىمان بىلەن ئىناۋەتسىز
قىلىمىزمۇ؟ ياق ھەرگىز! بەلكى تەۋرات قانۇنىنى تەستىقلايمىز.

## ئىبراھىمنىڭ ئېتىقادى

4 1 ئۇنداقتا جىسمىچە بىزنىڭ ئاتىمىز بولغان ئىبراھىم توغرىسىدا نېمە ئېيتايلى؟ 2 ئەگەر
ئىبراھىم ئەمەللەر بىلەن ئادىل قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ پەخىرلىنىدىغان بىر نېمىسى
بولاتتى، لېكىن خۇدانىڭ ئالدىدا ئەمەس. 3 چۈنكى مۇقەددەس يازما نېمە ئېيتىدۇ؟ «ئىبراھىم
خۇداغا ئىشەندى ۋە بۇ ئۇنىڭغا ئادالەتتەك سانالدى» دەيدۇ. 4 ئەمما ئىشلىگۈچىنىڭ ئالغىنى
شەپقەت سوۋغىسى بولۇپ سانالمىدى، ھەققى بولۇپ سانىلىدۇ. 5 لېكىن ئەمەلگە ئىشەنمەي،
پاسىقنى ئادىل قىلغۇچىغا ئىشەنگەن ئادەمنىڭ ئېتىقادى ئۇنىڭغا ئادالەتتەك سانىلىدۇ.
6 شۇنداق ھەم داۋۇد ئۆزى، خۇدا ئەمەللىرىگە قارىماي، ئادىل سانىغان ئادەمنى مۇبارەك
ئېيتىپ:
7 «ئىسيانى ئەپۇ قىلىنىپ، گۇناھى يېپىلغان كىشىلەر مۇبارەكتۇر.
8 خۇداۋەندە ئۇنىڭغا گۇناھ سانىمىغان ئادەم مۇبارەكتۇر» دېدى.
9 بۇ مۇبارەك ئېيتماقلىق يالغۇز خەتنىلىكلەرگىمۇ؟ ياكى ھەم خەتنىسىزلەرگىمۇ؟
«ئىشەنمەكلىك ئىبراھىمغا ئادالەتتەك سانالدى» دەپ ئېيتىمىدۇقمۇ؟ 10 ئۇنىڭغا قانداق
سانالدى؟ خەتنىلىك بولغىنىدىمۇ ياكى خەتنىسىز بولغىنىدىمۇ؟ خەتنىلىك بولغىنىدا ئەمەس،
بەلكى خەتنىسىزلىك بولغىنىدا ئۇنىڭغا ئادالەتتەك سانالدى. 11 ئۇ خەتنە قىلىنماستا تاپقان
ئىمانىنىڭ ئادالىتىگە خەتنىنى بىر مۆھۈردەك ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىمان كەلتۈرگەن
خەتنىسىزلەرگە ئاتا بولىدۇ دېمەك ئۇلار ھەم ئادىل سانىلىدۇ 12 ۋە ھەم خەتنىلىكلەرگە، يەنى
ئاتىمىز ئىبراھىم خەتنە قىلىنماستا تاپقان ئىمانغا ئەگىشىپ يۈرگۈچىلەرگە ئاتا بولىدۇ.
13 دۇنيانى مىراس ئالىدىغان ۋەدىسى ئىبراھىمغا ۋە ئۇنىڭ نەسلىگە تەۋرات قانۇنى بىلەن
بېرىلمەي، بەلكى ئىمانىنىڭ ئادالىتى بىلەن بېرىلدى. 14 ئەگەر تەۋرات قانۇنىغا تايانغانلار
ۋارىس بولسا، ئىمان بىكار ۋە ۋەدە ئىناۋەتسىز بولاتتى. 15 تەۋرات قانۇنى غەزەپ ھۆكۈمىنى
كەلتۈرىدۇ، لېكىن قانۇن يوق يەردە خىلاپلىق ھەم يوقتۇر.
16 مىراس ئۆزى مېھىر-شەپقەتتىن بولماق ئۈچۈن ئىمان بىلەن بولمىقى كېرەك ئىدى. شۇنداقتا
ۋەدە ئۆزى يالغۇز تەۋرات قانۇنىنىڭ قوۋمىغا ئەمەس، بەلكى ھەممىمىزنىڭ ئاتىسى بولغان
ئىبراھىمنىڭ ئىمانىدىن بولغانلارغا، يەنى ئۇنىڭ ھەممە نەسلىگە بېرىلگەندۇر. 17 «مەن
سېنى تولا خەلقلەرنىڭ ئاتىسى قىلىپ قويدۇم» دەپ پۈتۈلگەندەك، ئۇ ئۆزى خۇدانىڭ ئالدىدا
شۇنداق بولۇپ، ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈپ، يوقنى باردەك قىچقارغۇچىغا ئىشاندى. 18 «نەسلىڭ
شۇنداق بولىدۇ» دەپ ئېيتىلغان سۆزگە مۇۋاپىق ئۇ ھېچ ئۈمىد بولمىغان يەردە ئۈمىد قىلىپ،

ئىشەنگىنى بىلەن تولا خەلقلەرنىڭ ئاتىسى بولدى. [19] ئۇ ئۆزى يۈز ياشقا كىرىپ، ئۆز بەدىنى ئۆلگەندەك ۋە سارەنىڭ قورسىقى ئۆلگەندەك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئېتىقادتا زەئىپ بولمىدى، [20] ئەمما ئېتىقادسىزلىق بىلەن خۇدانىڭ ۋەدىسىگە شەك كەلتۈرمەي، خۇداغا شان-شەرەپ بېرىپ ئېتىقادتا قۇۋۋەتلىنىپ، [21] خۇدا ئۆز ۋەدە قىلغىنىغا قادىردۇر دەپ، خاتىرجەم بولۇپ ئىشەندى [22] ۋە بۇ ئۇنىڭغا ئادالەتتەك سانالدى.
[23] ئەمما ئۇنىڭغا ئادالەتتەك سانالدى دەپ، يالغۇز ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەس، [24] لېكىن بىز ئۈچۈن ھەم پۈتۈلگەندۇر. چۈنكى بىز خۇداۋەندىمىز ئەيسانى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن قوپۇرغانىنىڭ ئۆزىگە ئىشەنسەك، بىزگە ئادالەتتەك سانىلىدۇ. [25] چۈنكى مەسىھ ئۆزى گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن پىدا بېرىلىپ، ئادىل قىلىنىمىقىمىز ئۈچۈن تىرىلدۈرۈلدى.

## ئەيسا مەسىھ ۋاستىسى بىلەن خۇدانىڭ مۇھەببىتى كۆڭلىمىزدە

5 [1] بىز ئىمان بىلەن ئادىل قىلىنغاندىن كېيىن، خۇداۋەندىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ ۋاستىسى بىلەن خۇدا بىلەن ئامانلىقتا قالدۇق. [2] چۈنكى بىز مەسىھنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىز ئەمدى تۇرغان مېھىر-شەپقەتكە كىرىپ، خۇدانىڭ شان-شەرىپىنىڭ ئۈمىدى بىلەن پەخىرلىنىمىز. [3] ئەمما يالغۇز شۇ ئەمەس، بەلكى تەڭلىكلىرىمىز بىلەن ھەم پەخىرلىنىمىز، چۈنكى بىلىمىزكى، تەڭلىك چىدامىلىق ھاسىل قىلىدۇ [4] ۋە چىدامىلىق ئۆزى مەزمۇت قەدەملىك ۋە مەزمۇت قەدەملىك ئۈمىد ھاسىل قىلىدۇ. [5] بۇ ئۈمىد شەرمەندىلىكنىڭ خىجالىتىگە يەتكۈزمەيدۇ. چۈنكى بىزگە بېرىلگەن مۇقەددەس روھنىڭ ۋاستىسى بىلەن خۇدانىڭ مۇھەببىتى كۆڭۈللىرىمىزگە تۆكۈلگەن. [6] مەسىھ ئۆزى بىز تېخى زەئىپ بولغان چاغدا ئۆز تايىن ۋاقتىدا پاسىقلار ئۈچۈن ئۆلدى. [7] ئېھتىمالكى بىركىم ياخشى كىشى ئۈچۈن ئۆلگىلى جۈرئەت قىلىدۇ، چۈنكى ئادەم بىر ئادىل ئۈچۈن ئۆلگىلى قىيىنلىق بىلەن ئۇنايدۇ. [8] لېكىن خۇدا ئۆز مۇھەببىتىنى بۇنىڭ بىلەن ئاشكارا قىلدىكى، تېخى بىز گۇناھكار بولغان چاغدا مەسىھ بىز ئۈچۈن ئۆلدى. [9] ئەمدى بىز ئۇنىڭ قېنى بىلەن ئادىل قىلىنغاندىن كېيىن، قانچە تايىنراق ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن غەزەپ ھۆكۈمىدىن قۇتۇلىمىز. [10] چۈنكى ئەگەر خۇداغا دۈشمەن بولغىنىمىزدا ئۆز ئوغلىنىڭ ئۆلۈمى ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن ياراشقان بولساق، بىز ئۇنىڭ بىلەن ياراشقاندىن كېيىن قانچە تايىنراق مەسىھنىڭ تىرىكلىكى بىلەن نىجات تاپىمىز [11] ۋە يالغۇز شۇ ئەمەس، بەلكى خۇداۋەندىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمدى بىزگە ياراشماقلىقنى بەرگەن خۇدا بىلەن پەخىرلىنىمىز.

## ئادەم ئاتا ۋە ئەيسا مەسىھ

[12] ئەمدى شۇنداقكى، يالغۇز بىر ئادەمنىڭ ۋاستىسى بىلەن دۇنياغا گۇناھ كىردى ۋە گۇناھنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆلۈم كەلدى ۋە ھەممىسى گۇناھ قىلغىنى ئۈچۈن ئۆلۈم ھەممە ئادەملەرگە يېتىپ كەلدى. [13] چۈنكى تەۋرات قانۇنى كەلمەستە گۇناھ دۇنيادا بار ئىدى، لېكىن قانۇن بولمىغان يەردە گۇناھ سانالمايدۇ. [14] لېكىن ئۆلۈم ئادەمدىن تارتىپ مۇسانىڭ ۋاقتىغىچە، ئۇ كەلگۈچىنىڭ نەمۇنىسى بولغان ئادەمنىڭ قىلغان خىلاپلىقىغا ئوخشاش گۇناھ قىلمىغانلارنىڭ ئۈستىگە ھەم سەلتەنەت قىلىپ تۇردى.
[15] ئەمما مېھىر-شەپقەت ھەدىيەسى ئۆزى خاتا قىلماقلىقىغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇ بىر ئادەمنىڭ خىلاپلىق قىلغىنى بىلەن تولا كىشى ئۆلۈمنىڭ ئاستىغا چۈشكەن بولسا، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى ۋە يەنە بىر ئادەمنىڭ، يەنى ئەيسا مەسىھنىڭ ۋاستىسى بىلەن كەلگەن مېھىر-شەپقەت ھەدىيەسى قانچە زىيادىلىشىپ، تولا كىشىگە بېرىلگەن. [16] ۋە مېھىر-شەپقەت ھەدىيەسى ئۆزى گۇناھ قىلغان ئۇ بىر ئادەم بىلەن بولغان ھالەتكە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ھۆكۈم بىر ئادەمنىڭ ۋاستىسى بىلەن كېلىپ، ھۆكۈم قىلىنىشقا سەۋەب بولدى، لېكىن مېھىر-شەپقەت ھەدىيەسى تولا خاتالارنىڭ جەھىتىدىن كېلىپ، ئادىل قىلىنىشقا سەۋەب بولدى. [17] ئەگەر بىر ئادەمنىڭ خاتا قىلغىنى بىلەن ئۆلۈم كېلىپ، ئۇ ئادەمنىڭ سەۋەبى بىلەن سەلتەنەت قىلغان بولسا، مول مېھىر-شەپقەت بىلەن ئادالەت ھەدىيەسىنى تاپقانلار يەنە بىر ئادەمنىڭ، يەنى ئەيسا مەسىھنىڭ ۋاستىسى بىلەن تىرىكلىكتە قانچە زىيادىرەك سەلتەنەت قىلىدۇ.
[18] دېمەك بىر ئادەمنىڭ خاتا قىلغىنى بىلەن بولغان ھالەت ھەممە ئادەملەرنىڭ ھۆكۈم قىلىنىشقا سەۋەب بولغاندەك، يەنە بىر ئادەمنىڭ ئادالىتى بىلەن ھەممە ئادەملەرگە تىرىكلىك يەتكۈزىدىغان ئادىل قىلىنىشى ھاسىل بولىدۇ. [19] چۈنكى ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئىتائەتسىزلىكى بىلەن تولا كىشى گۇناھكار بولغاندەك يەنە بىرىنىڭ ئىتائىتى بىلەن تولا كىشى ئادىل بولىدۇ. [20] ئەمما خاتانىڭ ئاشماقلىقى ئۈچۈن تەۋرات قانۇنى ئوتتۇرىغا كىردى. لېكىن گۇناھ زىيادىلەشكەن يەردە مېھىر-شەپقەت تېخى زىيادىلەشتى. [21] دېمەك گۇناھ ئۆلۈمدە سەلتەنەت قىلغاندەك، مېھىر-شەپقەت ئۆزى خۇداۋەندىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەبەدىي تىرىكلىك ئۈچۈن ئادالەت بىلەن سەلتەنەت قىلىدۇ.

## ئەيسا مەسىھ بىلەن ئۆلۈپ تىرىلگىنىمىز

6 [1] ئەمدى نېمە ئېيتايلى؟ مېھىر-شەپقەت زىيادىلەشسۇن دەپ، گۇناھتا قالايلىمۇ؟ [2] ياق ھەرگىز! بىز گۇناھقا نىسبەتەن ئۆلگەنلەر قانداق ئۇنىڭدا يەنە ياشىيالايمىز؟ [3] بىلمەمسىلەركى، بىز مەسىھ ئەيساغا چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ

ئۆلۈمگە چۆمۈلدۈرۈلدۇق. 4 بىز ئۆلۈمگە چۆمۈلدۈرۈلۈپ، مەسىھ بىلەن دەپنە قىلىنغاندىن
كېيىن، ئۇ ئۆزى ئاتىنىڭ شان-شەرىپى بىلەن ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن قوپۇرۇلغاندەك، ئۆزىمىز
ھەم يېڭى بىر ھاياتتا يۈرگەيمىز. 5 ئەگەر ئۇنىڭكىگە ئوخشاش بىر ئۆلۈمدە ئۇنىڭ بىلەن
ئۇلىنىشقان بولساق، ئۇنىڭكىگە ئوخشاش بىز تىرىلىپ قوپۇرۇلۇشتا ھەم ئۇنىڭ بىلەن
ئۇلىنىشىپ قالىمىز. 6 بىلىمىزكى، گۇناھنىڭ بەدىنىنىڭ يوقالمىقى ئۈچۈن ۋە يەنە گۇناھنىڭ
قۇللىرى بولماسلىقىمىز ئۈچۈن كونا ئادىمىمىز مەسىھ بىلەن كرېستكە تارتىلدى. 7 چۈنكى
ئۆلگەن ئادەم گۇناھ قىلىشىدىن كېسىلگەن بولىدۇ.
8 ئەگەر مەسىھ بىلەن ئۆلگەن بولساق، ئۇنىڭ بىلەن تىرىك قالىدىغىنىمىزغا ئىشىنىمىز.
9 بىلىمىزكى، مەسىھ ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن قوپقاندىن كېيىن، يەنە ئۆلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۆلۈمنىڭ قۇدرىتى يەنە بولمايدۇ. 10 چۈنكى ئۆلگىنىدە گۇناھقا نىسبەتەن بىر ئۆلدى، لېكىن
تىرىلگىنى بىلەن خۇدا ئۈچۈن ياشاپ تۇرىدۇ. 11 شۇنداق ھەم سىلەر ئۆزۈڭلارنى گۇناھقا
نىسبەتەن ئۆلۈپ، مەسىھ ئەيسادا خۇدا ئۈچۈن تىرىكتۇرمىز دەپ ساناڭلار.
12 ئۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھ ئۆزۈڭلارنى بەدەن شەھۋەتلىرىگە ئىتائەت قىلدۇرۇپ، ئۆلىدىغان
بەدەنلىرىڭلاردا سەلتەنەت قىلمىغاي. 13 ئۆز ئەزالىرىڭلارنى ھەقسىزلىق ئەسۋابلىرى بولغىلى
گۇناھقا تۇتۇپ بەرمەڭلار. لېكىن ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن تىرىلگەندەك، ئۆزۈڭلارنى خۇداغا ۋە
ئەزالىرىڭلارنى ئادالەت ئەسۋابلىرى بولغىلى خۇداغا ئاتاڭلار. 14 چۈنكى قانۇن تېگىدە بولماي،
مېھىر-شەپقەتنىڭ تېگىدە بولغىنىڭلار ئۈچۈن، گۇناھ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا سەلتەنەت
قىلمىغاي.

## ئادالەتنىڭ قۇلى

15 ئەمدى نېمە ئېيتايلى؟ قانۇن تېگىدە بولماي، مېھىر-شەپقەتنىڭ تېگىدە بولغىنىمىز ئۈچۈن
گۇناھ قىلايلىمۇ؟ ياق ھەرگىز! 16 سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئىتائەت قىلغىلى ھەركىمگە تۇتۇپ
بەرسەڭلار، ئۇنىڭ قۇللىرى بولغىنىڭلارنى بىلمەمسىلەر؟ ھەركىمگە ئىتائەت قىلساڭلار، خاھى
ئۆلۈمگە يەتكۈزىدىغان گۇناھقا، خاھى ئادالەتكە يەتكۈزىدىغان ئىتائەتكە بولسا، ئۇنىڭغا قۇل
بولىسىلەر.
17 ئەمما خۇداغا شۈكۈر بولسۇنكى، ئىلگىرى گۇناھنىڭ قۇللىرى بولغىنىڭلار بىلەن، ئەمدى
سىلەرگە تاپشۇرۇلغان تەلىمنىڭ بايانىغا كۆڭۈل بىلەن ئىتائەت قىلدىڭلار. 18 گۇناھتىن ئازاد
بولۇپ، ئادالەتنىڭ قۇللىرى بولۇپ قالدىڭلار. 19 ئىنسانچە ئاجىزلىقىڭلار ئۈچۈن ئادەمچە
سۆزلەيمەن. مانا ئەزالىرىڭلارنى ھەقسىزلىق قىلغىلى ناپاكلىققا ۋە ھەقسىزلىققا قۇل قىلىپ
تۇتۇپ بەرگىنىڭلاردەك، ئەمدى ئەزالىرىڭلارنى پاكلىقنى ئەمەلگە كەلتۈرگىلى ئادالەتكە قۇل
قىلىپ تۇتۇپ بېرىڭلار. 20 چۈنكى گۇناھنىڭ قۇللىرى بولغىنىڭلاردا، ئادالەتنىڭ خىزمىتىدىن
ئازاد ئىدىڭلار. 21 ئەمما ئۇ ۋاقىت نېمە مېۋە تاپتىڭلار؟ ئەمدى ئۇياتىڭلارنى كەلتۈرىدىغان

مېۋىنى ئەمەسمۇ؟ مۇنداق ئىشلارنىڭ ئاخىرى ئۆلۈم بولىدۇ. [22] ئەمما گۇناھتىن ئازاد بولۇپ، خۇدانىڭ قۇللىرى بولغىنىڭلاردا مېۋەڭلار پاك-دىيانەتلىكتۇر. بۇنىڭ ئاخىرى ئەبەدىي تىرىكلىك بولىدۇ. [23] چۈنكى گۇناھنىڭ بەدىلى ئۆلۈمدۇر. لېكىن خۇدانىڭ مېھىر-شەپقەت ھەدىيەسى خۇداۋەندىمىز مەسىھ ئەيسانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەبەدىي تىرىكلىكتۇر.

## نىكاھ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا مىسال

7 [1] قانۇننى بىلگەنلەرگە ئېيتىمەنكى، ئەي بۇرادەرلەر، ئادەم قانچىكى ھايات تۇرسا، قانۇننىڭ ھۆكۈمىدە بولغىنىنى بىلمەمسىلەر؟ [2] چۈنكى ئەرنىڭ قولىدىكى خوتۇن ئېرى ھايات ئىكەن ۋاقتىدا، قانۇن بىلەن ئۇنىڭغا باغلاقلىقتۇر. لېكىن ئېرى ئۆلسە، ئەر توغرىسىدىكى قانۇندىن ئازاد بولىدۇ. [3] ئېرى ھايات ئىكەن ۋاقتىدا باشقا ئەرگە تەگسە، پاھىشە دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن ئېرى ئۆلسە، شۇ قانۇندىن ئازاد بولۇپ، باشقا ئەرگە تەگسە، پاھىشە بولمايدۇ. [4] شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەي بۇرادەرلەر، خۇداغا مېۋە كەلتۈرگەيمىز دەپ، سىلەر باشقىنىڭ، يەنى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن قوپقاننىڭكى بولغىلى مەسىھنىڭ بەدىنى بىلەن قانۇنغا نىسبەتەن ئۆلدۈڭلار. [5] چۈنكى جىسمىنىڭ كونا ھالىتىدە تۇرغىنىمىزدا، گۇناھلارنىڭ شەھۋەتلىرى قانۇن بىلەن قوزغىلىپ، ئۆلۈمگە مېۋە كەلتۈرۈپ ئەزالىرىمىزدا ئىشلەتتى. [6] لېكىن ئۆزىمىزنى باغلىغان بەندكە نىسبەتەن ئۆلۈپ، قانۇندىن ئازاد بولۇپ، يازما ئەھدىنىڭ كونا ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى روھنىڭ يېڭى ھالىتىدە بەندىچىلىك قىلىمىز.

## تەۋرات قانۇنى ۋە گۇناھ

[7] ئەمدى نېمە ئېيتايلى؟ تەۋرات قانۇنى گۇناھمۇ؟ ياق ئۇنداق ئەمەس! لېكىن قانۇن بىلەن بولمىسا، گۇناھنى بىلمەيتتىم، چۈنكى تەۋرات قانۇنى: «شەھۋەت قىلمىغىن» دېمىسە ئىدى، شەھۋەت توغرىسىدا بىلمەيتتىم. [8] لېكىن گۇناھ پۇرسەت تېپىپ، مەندە قانۇن ئەمرى بىلەن ھەر خىل شەھۋەتنى قوزغاپ قويۇردى. چۈنكى قانۇن بولمىسا، گۇناھ ئۆزى ئۆلگەندەك تۇرىدۇ. [9] لېكىن بىر ۋاقىت قانۇنسىز ياشىدىم، لېكىن قانۇن ئەمرى كەلگەندە گۇناھ يەنە تىرىلىپ قوپتى ۋە مەن ئۆلدۈم. [10] ۋە تىرىكلىك ئۈچۈن بېرىلگەن قانۇن ئەمرى ماڭا ئۆلۈم يەتكۈزدى. [11] چۈنكى گۇناھ پۇرسەت تېپىپ، قانۇن ئەمرى بىلەن مېنى ئالدىتىپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن مېنى ئۆلتۈردى. [12] دېمەك تەۋرات قانۇنى مۇقەددەستۇر ۋە ئەمرى ھەم مۇقەددەس ۋە ئادىل ۋە ياخشىدۇر.
[13] ئۇنداقتا ئۇ ياخشى نەرسە ماڭا ئۆلۈمگە سەۋەب بولدىمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس! بەلكى گۇناھ ئۆلۈمگە سەۋەب بولۇپ، ياخشى نەرسە ئارقىلىق ماڭا ئۆلۈم يەتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ گۇناھ

ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. بۇ تەرىقىدە گۇناھ ئۆزى تەۋرات قانۇنىنىڭ ئەمرى بىلەن ھەددىدىن
زىيادە يامان بولدى. [14] چۈنكى تەۋرات قانۇنىنىڭ روھىي ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، لېكىن مەن
جىسمانىي بولۇپ گۇناھنىڭ تېگىدە سېتىلغانمەن [15] ۋە ئۆز قىلغىنىمنى ئۇقمايمەن، چۈنكى
ئۆز خالىغىنىمنى قىلماي، يامان كۆرگىنىمنى قىلىمەن. [16] ئەگەر ئۆز خالىمىغىنىمنى قىلسام،
تەۋرات قانۇنىنىڭ ياخشى بولغىنىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن. [17] لېكىن مۇندىن كېيىن شۇنى
قىلغۇچى مەن ئۆزۈم ئەمەس، بەلكى مەندە ماكان تۇتقان گۇناھ شۇنى قىلىدۇ. [18] ۋە مەندە،
يەنى ئۆز جىسمىمدە ياخشى بىر نېمە بولمىغىنىنى بىلىمەن. چۈنكى مەندە ئىرادە بار، لېكىن
ياخشىلىقنى ئەمەلگە كەلتۈرەلمەيمەن. [19] چۈنكى ئۆزۈم خالىغان ياخشى ئىشنى قىلماي،
ئۆزۈم خالىمىغان يامان ئىشنى قىلىمەن. [20] ئەمدى ئۆز خالىمىغىنىمنى قىلسام، شۇنى
قىلغۇچى مۇندىن كېيىن مەن ئۆزۈم ئەمەس، بەلكى مەندە ماكان تۇتقان گۇناھ شۇنى قىلىدۇ.
[21] مەن ياخشىلىقنى خالىسام، يامانلىق بىر بۇيرۇقتەك مەندە بار ئىكەنلىكىنى تۇيىمەن.
[22] چۈنكى ئىچكى ئادىمىمگە مۇۋاپىق خۇدانىڭ قانۇنىغا سۆيۈنىمەن. [23] لېكىن كۆڭلۈمدىكى
قانۇنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جەڭ قىلىشىپ، ئەزالىرىمدىكى گۇناھنىڭ بۇيرۇقىغا مېنى قۇل
قىلىدىغان باشقا بىر بۇيرۇقنى مېنىڭ ئۆز ئەزالىرىمدا تۇيىمەن. [24] مەن قانداق بىچارە ئادەم
ئىكەنمەن! كىم مېنى بۇ ئۆلۈمنىڭ بەدىنىدىن قۇتقۇزىدۇ؟ [25] خۇداۋەندىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ
ۋاستىسى بىلەن خۇداغا شۈكۈر بولسۇنكى، مەن ئۆز كۆڭلۈم بىلەن خۇدانىڭ قانۇنىغا
بەندىچىلىك قىلىمەن، لېكىن جىسمىمچە گۇناھنىڭ قانۇنىغا قۇللۇق قىلىمەن.

## مۇقەددەس روھنىڭ ۋاستىسى بىلەن ياشاش

8 [1] ئۇنىڭ ئۈچۈن مەسىھ ئەيسادىكىلەرگە بىر ھۆكۈم قىلىنىش يوقتۇر. [2] چۈنكى تىرىكلىك
روھىنىڭ قانۇنى مەسىھ ئەيسادا مېنى گۇناھنىڭ ۋە ئۆلۈمنىڭ قانۇنىدىن ئازاد قىلدى.
[3] چۈنكى تەۋرات قانۇنى جىسمىمدىن ئاجىز كېلىپ، ئۆزى قىلالمىغان ئىشنى خۇدا ئۆزى قىلىپ،
گۇناھنى كۆتۈرمەك ئۈچۈن ئۆز ئوغلىنى گۇناھ جىسمىنىڭ ئوخشاشلىقىدا ئەۋەتىپ، گۇناھنى
جىسمىدە ھۆكۈم قىلدى، [4] بۇنىڭ بىلەن تەۋرات قانۇنىنىڭ ئادىل تەلىپى جىسمىچە يۈرمەي،
روھچە يۈرىدىغان بىزلەردە بەجا كەلتۈرۈلىدۇ. [5] چۈنكى جىسمانىي بولغانلارنىڭ جىسمانىي
ئىشلارغا ۋە روھىي بولغانلارنىڭ روھىي ئىشلارغا مەيلى بولىدۇ. [6] جىسمانىي ئىشلارغا مايىل
بولماقلىق ئۆلۈم، لېكىن روھىي ئىشلارغا مايىل بولماقلىق تىرىكلىك بىلەن ئامانلىقتۇر.
[7] چۈنكى جىسمىنىڭ مەيلى خۇداغا دۈشمەنلىك قىلىپ، خۇدانىڭ قانۇنىغا بويۇن سۇنۇپ
ئىتائەت قىلالمايدۇ. [8] شۇنىڭ ئۈچۈن جىسمىگە مەيلى بولغانلار خۇداغا مەقبۇل بولالمايدۇ.
[9] ئەمما خۇدانىڭ روھى سىلەردە ماكان تۇتقان بولسا، سىلەر جىسمانىي ئەمەس، بەلكى
روھىيدۇرسىلەر. لېكىن بىركىمدە مەسىھنىڭ روھى بولمىسا، ئۇ ئۆزى مەسىھنىڭكى ئەمەس.

10 ئەگەر مەسىھ سىلەردە ماكان تۇتقان بولسا، بەدەن گۇناھ سەۋەبىدىن ئۆلۈمگە گىرىپتار بولسا
هەم، روھ ئادالەت سەۋەبىدىن تىرىكتۇر. 11 ئەمما ئەيسانى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن قوپۇرغۇچىنىڭ
روھى ئىچىڭلاردا ماكان تۇتقان بولسا، مەسىھ ئەيسانى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن قوپۇرغۇچى،
سىلەردە ماكان تۇتقان روھىنىڭ ۋاستىسى بىلەن سىلەرنىڭ ئۆلىدىغان بەدەنلىرىڭلارنى هەم
تىرىلدۈرىدۇ.
12 ئەي بۇرادەرلەر، جىسمىنىڭ مەيلىچە ياشىغىلى بەدەنگە قەرزدار ئەمەسمىز. 13 چۈنكى
جىسمىنىڭ مەيلىچە ياشىساڭلار، ئۆلىسىلەر. لېكىن روھىنىڭ ۋاستىسى بىلەن جىسمىنىڭ
ئىشلىرىنى ئۆلتۈرسەڭلار، تىرىك قالىسىلەر. 14 چۈنكى خۇدانىڭ روھى بىلەن يېتەكلەنگەنلەرنىڭ
هەممىسى خۇدانىڭ ئوغۇللىرىدۇر. 15 چۈنكى سىلەر يەنە قورقۇنچقا چۈشۈپ قالغۇدەك بىر
قۇللۇق روھىنى قوبۇل قىلمىدىڭلار. لېكىن بالىلىق روھىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ئارقىلىق:
«ئابىبا، ئەي ئاتا»، دەپ قىچقىرىسىلەر. 16 روھ ئۆزى بىزنىڭ روھىمىز بىلەن خۇدانىڭ بالىلىرى
بولغانلىقىمىزغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. 17 لېكىن بالىلار بولساق، ۋارىس هەم بولىمىز، يەنى
خۇدانىڭ ۋارىسلىرى ۋە مەسىھنىڭ ۋارىسداشلىرىدۇرمىز. شۇنداقتا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە زەخمەت
تارتساق، ئۇنىڭ بىلەن بىللە هەم شان-شەرەپ تاپىمىز.

## بىزگە ئاشكارا بولىدىغان شان-شەرەپ

18 چۈنكى بۇ زاماننىڭ زەخمەتلىرىنى كېلىدىغان زاماندا بىزگە ئاشكارا بولىدىغان شان-شەرەپ
بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ بېقىپ، هېچنېمىدەك سانايمەن. 19 پۈتۈن مەخلۇقات ئۆزى ئىشتىياق
بىلەن خۇدانىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئاشكارا بولۇشىغا مۇنتەزىر تۇرىدۇ. 20 چۈنكى مەخلۇقات
چىرىمەكلىككە گىرىپتار بولغاندۇر، لېكىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنى
چىرىمەكلىكنىڭ ئاستىغا سالغۇچىنىڭ هۆكۈمى بىلەن شۇ ئەهۋالغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن
ئۇنىڭ ئۈمىدى بار. 21 چۈنكى مەخلۇقات ئۆزى چىرىمەكلىك قۇللۇقىدىن خالاس بولۇپ،
خۇدانىڭ بالىلىرىنىڭ شەرەپلىك ئازادلىقىغا يېتىشىدۇ. 22 دەرۋەقە بارچە مەخلۇقاتنىڭ بۈ
ۋاقىتقىچە ئاھ تارتىشىپ تولغاق يېگىنىنى بىلىمىز.
23 ئەمما يالغۇز ئۇ ئەمەس، بەلكى بىز روھىنىڭ تۇنجى مېۋىلىرىنى قوبۇل قىلغانلار، بىز ئۆزىمىز
ئوغۇللۇققا، يەنى بەدىنىمىزنىڭ خالاس بولۇشىغا مۇنتەزىر بولۇپ، ئىچىمىزدە ئاھ تارتىمىز.
24 چۈنكى ئۈمىد بىلەن نىجات تاپتۇق، لېكىن كۆرۈنگەن ئۈمىد ئۆزى ئۈمىد ئەمەستۇر، چۈنكى
بىركىم ئۆز كۆرگىنىنى قانداق يەنە ئۈمىد قىلالايدۇ؟ 25 لېكىن كۆرمىگىنىمىزنى ئۈمىد
قىلساق، سەۋر بىلەن ئۇنىڭغا مۇنتەزىر بولىمىز. 26 شۇنداق هەم روھ ئۆزى ئاجىزلىقىمىزغا
ياردەم بېرىدۇ. چۈنكى نېمە تىلەيدىغىنىمىزنى بىلمەيمىز، لېكىن روھ ئۆزى بايان قىلالمايدىغان
ئاھ تارتىش بىلەن بىزگە شاپائەت قىلىدۇ.
27 ئەمما كۆڭۈللەرنى تەپتىش قىلغۇچى روھىنىڭ مەيلىنى بىلىدۇ، چۈنكى ئۇ خۇدانىڭ

ئىرادىسىگە مۇۋاپىق مۇقەددەسلەرگە شاپائەت قىلىدۇ. [28] ئەمما بىلىمىزكى، ھەرنېمە
بولسا خۇدانى دوست تۇتقانلارنىڭ ياخشىلىقىغا ئىشلەيدۇ، يەنى ئۇنىڭ تەقدىرىگە مۇۋاپىق
قىچقىرىلغانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۇچۇن بولىدۇ. [29] چۈنكى ئۇ ئۆزى ئىلگىرىدىن تونۇغانلارنى ئۆز
ئوغلىنىڭ سۈرىتىگە ئوخشاش بولۇشقا ئىلگىرىدىن تايىن قىلدى. ئوغلىنى تولا بۇرادەرلەرنىڭ
تۇنجىسى بولسۇن دەپ ئۇ شۇنداق قىلدى. [30] شۇنداقلا ئۇ ئىلگىرىدىن تايىن قىلغانلىرىنى
دەۋەت ھەم قىلدى ۋە دەۋەت قىلغانلىرىنى ئادىل ھەم قىلدى ۋە ئادىل قىلغانلىرىغا شان-
شەرەپ ھەم بەردى.

## ئەيسا مەسىھنىڭ مۇھەببىتى

[31] ئەمدى بۇنىڭغا نېمە ئېيتايلى؟ خۇدا بىز تەرەپتە تۇرسا، كىم بىزگە قارشى تۇرىدۇ؟ [32] ئۆز
ئوغلىنى ئايىماي ئۇنى بىزنىڭ ھەممىمىز ئۇچۇن بەرگەننىڭ ئۆزى، ئۇنىڭ بىلەن بىزگە
ھەر نەرسىنى بەرمەمدۇ؟ [33] خۇدانىڭ ئىلغىغانلىرىنى كىم شىكايەت قىلالايدۇ؟ ئادىل
قىلغۇچى خۇدا ئۆزىدۇر. [34] ھۆكۈم قىلغۇچى كىمدۇر؟ مەسىھ ئەيسا ئۆزى ئۆلدى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇ تىرىلىپ قوپۇپ، خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، بىزگە شاپائەت قىلىدۇ.
[35] بىزنى مەسىھنىڭ مۇھەببىتىدىن كىم ئايرىيالايدۇ؟ دەردمۇ؟ تەڭلىكمۇ؟ قوغلانماقلىقمۇ؟
ئاچلىقمۇ؟ يالىڭاچلىقمۇ؟ خەتەرمۇ؟ قىلىچمۇ؟ [36] «سەن ئۈچۈن پۈتۈن كۈن ئۆلتۈرۈلىمىز،
بوغۇزلىنىدىغان قويلاردەك سانىلىغانمىز» دەپ پۈتۈلگەندەكتۇر.
[37] لېكىن بۇنىڭ ھەممىسىدە بىزنى دوست تۇتقاننىڭ ۋاستىسى بىلەن چوڭ نۇسرەت تېپىپ غالىب
بولىمىز. [38] چۈنكى تايىن بىلىمەنكى، نە ئۆلۈم، نە ھايات، نە پەرىشتىلەر، نە ھۆكۈمەتلەر، نە ھازىرقى
ئىشلار، نە كېلىدىغان ئىشلار، نە قۇۋۋەتلەر، [39] نە ئېگىزلىك، نە چوڭقۇرلۇق، نە باشقا بىر يارىتىلغان
نەرسە بىزنى خۇدانىڭ خۇداۋەندىمىز مەسىھ ئەيسادىكى مۇھەببىتىدىن ئايرىيالمايدۇ.

## خۇدانىڭ ئىسرائىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

9 [1] مەسىھتە راست سۆزلەپ، يالغان ئېيتمىغانلىقىمغا ئىچ كۆڭلۈم مۇقەددەس روھ بىلەن
ماڭا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. [2] شۇنداق ئىكەنكى، كۆڭلۈمدە چوڭ غەم ۋە تۈگىمەس دەردىم بار.
[3] چۈنكى بەدەن جەھەتتە ئۇرۇق-تۇغقان بولغان بۇرادەرلىرىمگە نىجات تاپتۇرالسام، ئۆزۈمنىڭ
مەسىھتىن مەھرۇم قېلىشىنى خالايتتىم. [4] ئۇلار ئىسرائىلىي بولۇپ، ئوغۇللۇق ۋە شان-
شەرەپ ۋە ئەھدە ۋە تەۋرات قانۇنى ۋە ئىبادەت ۋە ۋەدىلەر ئۇلارنىڭكىدۇر. [5] مانا ئاتا-بوۋىلار
ئۇلارنىڭكى ۋە مەسىھ بەدەن جەھەتتە ئۇلاردىندۇر. ئۇ ئۆزى ھەممىسىنىڭ ئۈستىگە خۇدا
بولۇپ، ئەبەدكىچە مۇبارەكتۇر. ئامىن.

6 لېكىن خۇدانىڭ سۆزى يوق بولۇپ كەتكەندەك ئەمەس، چۈنكى ئىسرائىلدىن بولغانلارنىڭ
ھەممىسى ئىسرائىلىي ئەمەستۇر 7 ۋە ئىبراھىمنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىدىن بولغانلارنىڭ
ھەممىسى پەرزەنت ئاتالماي، بەلكى: «سېنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىڭ ئىسھاق بىلەن
ئاتىلىدۇ» دەپ ئېيتىلدى. 8 يەنى جىسمىگە مۇۋاپىق بالا بولغانلار خۇدانىڭ بالىلىرى
ئەمەس، بەلكى ۋەدىنىڭ بالىلىرى ئۇرۇق سانىلىدۇ. 9 چۈنكى ۋەدىنىڭ بىر سۆزى
شۇدۇركى: «شۇ ۋاقىتتا يېنىپ كېلىمەن ۋە سارەنىڭ بىر ئوغلى بولىدۇ». 10 ۋە يالغۇز
شۇ ئەمەس، لېكىن رىبقا بىر ئەردىن، يەنى ئاتىمىز ئىسھاقتىن ھامىلىدار بولغاندا،
11 خۇدانىڭ ئىختىيارىيچە بولغان تەقدىرىنىڭ مۇقىم تۇرۇشى ئەمەللەرنىڭ ۋاسىتىسى
بىلەن بولماي، دەۋەت قىلغۇچىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن بولغىنى ئۈچۈن، باللار تېخى
تۇغۇلماي بىر ياخشى ياكى يامان ئىشنى قىلماستىن ئىلگىرى، 12 رىبقاغا ئېيتىلدىكى:
«چوڭى كىچىكىگە قۇلچىلىق قىلغاي».
13 شۇنداق ھەم پۈتۈلگەنكى: «ياقۇبنى دوست تۇتتۇم، ئەمما ئەساۋنى يامان كۆردۇم».
14 ئۇنداق بولسا، نېمە ئېيتايلى؟ خۇدادا ناھەقلىق بارمۇ؟ ياق، ھەرگىز! 15 ئۆزى مۇساغا:
«رەھىم قىلغىنىمغا رەھىم قىلىمەن، شەپقەت قىلغىنىمغا شەپقەت قىلىمەن» دەپ ئېيتمىدىمۇ؟
16 ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىش ئىنساننىڭ خاھىشىدىن ياكى تىرىشىشىدىن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ
مەرھەمەت قىلىشىدىن بولىدۇ. 17 چۈنكى مۇقەددەس يازمىدا فىرەۋنگە: «ئۆز قۇدرىتىمنى
سېنىڭ ئۈستۈڭدە ئاشكارا قىلىپ، ئىسمىمنى پۈتۈن يەر يۈزىدە بايان قىلاي دەپ، سېنى
قوپۇردىم» دەپ ئېيتىلغاندەك
18 ئۆزى خالىغىنىغا رەھىم قىلىدۇ ۋە خالىغىنىنى كۆڭلى قاتتىق قىلىدۇ.
19 «ئۇنداق بولسا، نېمىشقا ئۇ تېخى ئەيىبلەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئىرادىسىگە كىم قارشى تۇرالايدۇ؟»
دەپ ماڭا ئېيتارسەنمىكىن.
20 ئەي ئادەم، كىمسەنكى، خۇدا بىلەن ئېيتىشقايسەن؟ ياسالغان نەرسە ئۆزىنى سورەتكە
كەلتۈرگۈچىگە: «نېمىشقا مېنى شۇنداق قىلدىڭ؟» دېيەلەمدۇ؟
21 ياكى كوزىچىنىڭ بىر كومۇلاچ لايدىن بىر قاچىنى ئىززەتكە يەنە بىرىنى ھاقارەتكە قىلغىلى
لاي ئۈستىدە قۇدرىتى يوقمۇ؟ 22 ئەمما ئەگەر خۇدا ئۆز غەزىپىنى كۆرسىتىپ قۇدرىتىنى بايان
قىلغىلى خالاپ، ھالاكەتكە تەييار بولغان غەزەپ قاچىلىرىغا تولا كۆڭۈل كەڭلىكى بىلەن سەۋر-
تاقەت قىلىپ، 23 ئۆزى ئىلگىرىدىن شان-شەرەپكە تەييار قىلغان مەرھەمەت قاچىلىرىغا ئۆز
شان-شەرىپىنىڭ غەنىيلىكىنى بىلدۈرگىلى ئىرادە قىلغان بولسا، نېمە دەيسەن؟ 24 شۇنداق
ئۇ مەرھەمەت قاچىلىرى بولۇشقا بىزنى، يەنى يالغۇز يەھۇدىيلاردىن بولغانلارنى ئەمەس،
بەلكى تائىپىلەردىن بولغانلارنى ھەم قىچقاردى. 25 خۇددى ئۇ ھوشىيا پەيغەمبەرنىڭ كىتابىدا
ئېيتقاندەك: «ئۆز قوۋمىم بولمىغان خەلقنى ئۆز قوۋمىم دەپ ئاتايمەن ۋە دوست تۇتمىغىنىمنى
ئۆز ئامرىقىم دەپ ئاتايمەن.
26 ئۇنداق ھەم بولىدۇكى، ئۇلارغا: ‹ سىلەر مېنىڭ قوۋمىم ئەمەسسىلەر› دەپ ئېيتىلغان يەردە

ئۇلار تىرىك خۇدانىڭ ئوغۇللىرى دەپ ئاتىلىدۇ».
27 لېكىن يەشايا پەيغەمبەر ئىسرائىل توغرىسىدا قىچقىرىپ ئېيتىدۇكى: «ئەگەر بەنى-
ئىسرائىلنىڭ سانى دېڭىزنىڭ قۇمىچە بولسىمۇ، يالغۇز بىر قالغان قىسمى نىجات تاپىدۇ.
28 چۈنكى خۇداۋەندە ئۆز ھۆكۈمىنى بەجا كەلتۈرۈپ، قىسقا كېسىپ ئۆز تەقدىرىنى مەقسەتكە
يەتكۈزىدۇ.
29 يەشايا ھەم ئىلگىرىدىن شۇنداق ئېيتقانكى: «ئەگەر ساماۋى قوشۇنلارنىڭ سەردارى بولغان
خۇداۋەندە بىزگە بىر نەسىل ساقلاپ قالمىسا ئىدى، بىز سودومدەك بولۇپ، گوموررادەك
قىلىناتتۇق».

## ئىسرائىلنىڭ ئىشەنمەسلىكى

30 ئەمدى نېمە ئېيتايلى؟ مانا ئادالەتنى ئىزدىمىگەن تائىپىلەر ئادالەتنى، يەنى ئىماندىن بولغان
ئادالەتنى تاپتى. 31 لېكىن بىر ئادالەت قانۇنىنى ئىزدىگەن ئىسرائىل ئۇنداق بىر قانۇنغا
يېتىشمىدى. 32 نېمە ئۈچۈن؟ مانا ئۇلار ئىماننىڭ يولىدا ئىزدىمەي، ئەمەلنىڭ يولىدا ئادالەتنى
ئىزدىگىنى ئۈچۈن ئۆزىنى پۇتلىكاشاڭ تېشىغا پۇتلاشتى. 33 شۇنداق ھەم پۈتۈلگەنكى: «مانا
سى'وندا بىر پۇتلىكاشاڭ تېشى ۋە تايماكلىق قورام تېشىنى قويىمەن ۋە ھەركىم ئۇنىڭغا
ئىشەنسە، خىجالەت بولمايدۇ».

10 1 ئەي بۇرادەرلەر، ئۇلار نىجات تاپسۇن دەپ، ئۆز كۆڭلۈمدە ئىشتىياق باغلاپ،
ئىسرائىل ئۈچۈن خۇداغا دۇئا قىلىمەن. 2 ئۇلار توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى،
ئۇلار خۇدا ئۈچۈن غەيرەت قىلىدۇ، لېكىن راست بىلىملىك تەرىقىسىدە ئەمەس. 3 چۈنكى
خۇدانىڭ ئادالىتىنى بىلمەي، ئۆز ئادالىتىنى قۇرغىلى تىرىشقىنى بىلەن خۇدانىڭ ئادالىتىگە
بويۇن سۇنمىدى.
4 چۈنكى مەسىھ ھەر ئىمان كەلتۈرگۈچىگە ئادالەت كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەۋرات قانۇنىنىڭ
نىشان-مەقسىتىدۇر. 5 تەۋرات قانۇنى بىلەن بولغان ئادالەت توغرىسىدا مۇسا ئۆزى: «ئەمرنى
بەجا كەلتۈرگەن ئادەم ئۇنىڭ بىلەن تىرىك قالىدۇ» دەپ پۈتكەن.
6 لېكىن ئىماندىن بولغان ئادالەت مۇنداق ئېيتىدۇكى: «‹ مەسىھنى تۆۋەنگە ئېلىپ چۈشمەك
ئۈچۈن كىم ئاسمانغا چىقىدۇ؟› 7 ياكى ‹ مەسىھنى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن ئېلىپ چىقماق ئۈچۈن
كىم دوزاخقا چۈشىدۇ› دەپ كۆڭلۈڭدە ئېيتمىغايسەن». 8 لېكىن ئۇ نېمە ئېيتىدۇ؟: «سۆز،
يەنى بىز ۋەز ئېيتىدىغان ئىماننىڭ سۆزى، ساڭا يېقىن بولۇپ، ئاغزىڭ بىلەن كۆڭلۈڭدىدۇر».
9 چۈنكى ئەيسا خۇداۋەندە ئىكەنلىكىنى ئاغزىڭ بىلەن ئېتىراپ قىلىپ، خۇدا ئۇنى ئۆلۈكلەر
ئارىسىدىن قوپۇرغىنىغا كۆڭلۈڭ بىلەن ئىشەنسەڭ، نىجات تاپىسەن. 10 مانا كۆڭۈلنىڭ ئىمانى
بىلەن ئادىل قىلىنىپ، ئېغىزنىڭ ئېتىراپى بىلەن نىجات تاپىمىز. 11 چۈنكى مۇقەددەس يازما:

«ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ھېچبىرى شەرمەندە بولمايدۇ» دەپ ئېيتقان.
12 يەھۇدىي بىلەن يۇنانىينىڭ ئارىسىدا ھېچ پەرق يوقتۇر ۋە ھەممىسىنىڭ خۇداۋەندىسى بىر
بولۇپ، ئۆزىگە ئىلتىجا قىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە غەنىيدۇر. 13 چۈنكى ھەركىم خۇداۋەندىنىڭ
ئىسمىنى ئىلتىجا قىلسا، نىجات تاپىدۇ.
14 ئەمما بىركىمگە ئىشەنمەي، ئۇنىڭغا قانداق ئىلتىجا قىلالايدۇ؟ بىركىمدىن ئاڭلىماي،
ئۇنىڭغا قانداق ئىشىنەلەيدۇ؟ بىر ۋەز ئېيتقۇچى بولمىسا، قانداق ئاڭلىيالايدۇ؟ 15 لېكىن
بىركىم ئەۋەتىلمىسە، قانداق ۋەز ئېيتالايدۇ؟ شۇنداق ھەم «ياخشىلىقنى خۇش خەۋەر
بەرگۈچىلەرنىڭ قەدەملىرى قانداق گۈزەل ئىكەن» دەپ پۈتۈلگەندۇر.
16 لېكىن ھەممىسى ئىنجىلنى قۇلاقتا تۇتمىدى، چۈنكى يەشايا: «ئەي خۇداۋەندە، كىم
ۋەزىمىزگە ئىشەندى؟» دەپ ئېيتقان.
17 ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىمان ۋەز ئاڭلىماقتىن بولىدۇ، ئەمما ۋەز ئۆزى مەسىھنىڭ سۆزىدىن چىقىدۇ.
18 لېكىن: «ئۇلار ۋەز ئاڭلىمىدىمۇ؟» دەپ سورايمەن. دەرۋەقە ئاڭلىدى. مانا ئۇلارنىڭ ئاۋازى
پۈتۈن يەر يۈزىگە ۋە سۆزلىرى دۇنيانىڭ چەتلىرىگىچە چىققان.
19 لېكىن: «ئىسرائىل ئۇقمىدىمۇ؟» دەپ يەنە سورايمەن. ئاۋۋال مۇسا ئېيتىدۇكى: «مەن
سىلەرنى مىللەت بولمىغان بىر خەلق بىلەن غەيرەتكە كەلتۈرۈپ، سىلەرنى ئەقىلسىز بىر
مىللەت بىلەن ئاچچىقلاندۇرىمەن».
20 يەشايا ھەم جۈرئەت قىلىپ ئېيتىدۇكى: «مېنى ئىزدىمىگەنلەرگە تېپىلىپ، مېنى
سورىمىغانلارغا ئاشكارا بولدۇم».
21 لېكىن ئىسرائىل توغرىسىدا ئېيتىدۇكى: «پۈتۈن كۈندە ئاسىي ۋە مۇخالىپ بىر قوۋمغا
قوللىرىمنى ئۇزىتىپ تۇردۇم».

## ئىسرائىلنىڭ بىر قىسمى ساقلىنىپ قالىدۇ

11 1 «خۇدا ئۆز قوۋمىنى رەت قىلدىمۇ؟» دەپ سورايمەن. ياق، ئۇنداق ئەمەس. مەن
ئۆزۈم ھەم ئىبراھىمنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىدىن ۋە بەنيامىن قەبىلىسىدىن بولغان بىر
ئىسرائىلىي كىشىدۇرمەن. 2 خۇدا ئىلگىرىدىن تونۇغان قوۋمىنى رەت قىلمىدى. مۇقەددەس
يازما ئىلياس توغرىسىدا نېمە ئېيتقىنىنى بىلمەمسىلەر؟ قانداقكى، ئۇ ئىسرائىلنىڭ
ئۈستىدىن خۇداغا ئەرز قىلىپ:
3 «ئەي خۇداۋەندە، ئۇلار سېنىڭ پەيغەمبەرلىرىڭنى ئۆلتۈرۈپ، قۇربانگاھلىرىڭنى يىقىتىپ
قويدى ۋە مەن يالغۇز قالدىم ۋە مېنىڭ جېنىمغا ھەم قەست قىلىپ تۇرىدۇ» دەپ ئېيتتى.
4 لېكىن ئۇنىڭغا كەلگەن ۋەھيي نېمە ئېيتىدۇ؟ «بائالغا تىز پۈكمىگەن يەتتە مىڭ كىشى
ئۆزۈمگە ساقلاپ قالدىم» دەپ ۋەھيي كەلدى.

5 شۇنىڭغا ئوخشاش ھازىرقى ۋاقىتتا مېھىر-شەپقەت ئىلغىغىنىچە بىر قالدۇق باردۇر. 6 ئەمما
بۇ ئىلغانماقلىق مېھىر-شەپقەتتىن بولسا، ئەمەللەردىن ئەمەس. بولمىسا مېھىر-شەپقەت
ئۆزى مېھىر-شەپقەت دېگىلى بولمايتتى.
7 ئۇنداق بولسا، بۇ ئىش قانداق بولىدۇ؟ ئىسرائىل ئۆز ئىزدىگىنىنى تاپمىدى. لېكىن
ئىلغانغانلار تاپتى ۋە قالغانلار كۆڭلى قاتتىق بولدى. 8 شۇنداق ھەم پۈتۈلگەنكى: «خۇدا
ئۇلارغا بىر غاپىل روھ، كۆرمەيدىغان كۆزلەر ۋە ئاڭلىمايدىغان قۇلاقلار بەرگەن ۋە بۇ
كۈنگىچىلىك شۇنداق بولۇپ تۇرىدۇ».
9 ۋە داۋۇد ئېيتىدۇكى: «ئۆز داستىخىنى ئۇلارنى يىقىتقۇدەك بىر تۇزاق ۋە ئۇلاردىن ئىنتىقام
ئالغۇدەك بىر قاپقان بولغاي.
10 كۆزلىرى كۆرمىگۈدەك قاراڭغۇلاشقاي. بەللىرىنى ھەمىشە پۈكۈكلۈك قىلغىن».

## ئۇلانغان شاخلار

11 ئەمدى سورايمەنكى، ئۇلار يىقىلىپ قالىدىغىنى ئۈچۈن پۈتلاشتىمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس.
بەلكى ئۇلار ئۆزى غەيرەتكە كەلتۈرۈلسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ يىقىلىشى بىلەن نىجات تائىپىلەرگە
كەلدى. 12 ئەمما ئۇلارنىڭ يىقىلىشى دۇنيانىڭ غەنىيلىكى ئۈچۈن ۋە ئۇلارنىڭ ئاجىز
كېلىشى تائىپىلەرنىڭ غەنىيلىكى ئۈچۈن بولسا، قانچە زىيادىرەك ئۇلارنىڭ كامىل بولۇشى
شۇنداق بولىدۇ. 13 مەن تائىپىلەرنىڭ روسۇلى بولۇپ ئۆز خىزمىتىمنى ئۇلۇغ بىلىپ،
سىلەر تائىپىلەردىن بولغانلارغا ئېيتىمەنكى، 14 ئۆز جىسمىمدىن بولغانلارنىڭ غەيرىتىنى
كەلتۈرۈپ، بەزىلىرىگە نىجات يەتكۈزەلىسەم ئىدى. 15 ئۇلارنىڭ رەت قىلىنىشى دۇنيانىڭ
ياراشماقلىقى بولسا، ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن تىرىلمەكتىن باشقا
بىر نېمە بولىدۇمۇ؟ 16 ئەگەر تۇنجى ھوسۇل مۇقەددەس بولسا، خېمىر ھەم مۇقەددەستۇر.
ئەگەر يىلتىز مۇقەددەس بولسا، شاخلار ھەم مۇقەددەستۇر. 17 ئەمما شاخلارنىڭ بەزىسى
كېسىلگەن بولسا، سەن ياۋا زەيتۇن دەرىخىدىن بولۇپ، شاخلارنىڭ ئارىسىغا ئۇلىنىپ، زەيتۇن
دەرىخىنىڭ سېمىز يىلتىزىغا ھەسسىدار بولۇشقان بولساڭ، 18 ئەسلى شاخلار ئۈستىگە
يوغانلىق قىلمىغىن. ئەمما يوغانلىق قىلساڭ، بىلگىنكى، سەن يىلتىزنى كۆتۈرمەيسەن،
لېكىن يىلتىز سېنى كۆتۈرىدۇ.
19 «مېنىڭ ئۇلانماقلىقىم ئۈچۈن شاخلار كېسىلدى» دەپ ئېيتارسەنمىكىن. 20 راستتىنلا
ئىمانسىزلىقى ئۈچۈن كېسىلدى، لېكىن سەن ئىمان بىلەن تۇرىسەن. ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتماي،
قورقۇنچ بىلەن تۇرغىن. 21 چۈنكى خۇدا ئەسلى شاخلارنى ئايىمىغان بولسا، سېنى ھەم
ئايىمايدۇ. 22 خۇدانىڭ مېھرىبانلىقىغا ۋە غەزىپىگە قارىغىن. مانا تايغانلار ئۈستىدە غەزىپى بار
ۋە ئەگەر داۋاملىق خۇدانىڭ كەرىمىدە تۇرساڭ، سېنىڭ ئۈستۈڭدە مېھرىبانلىقى بار، لېكىن
ئۇنداق بولمىغاندا، سەن ھەم كېسىلىسەن. 23 ئەمما باشقىلار ئىمانسىزلىقتا قالمىسا، ئۇلار

ھەم ئۇلىنىدۇ، چۈنكى خۇدا ئۇلارنى يەنە ئۇلاپ قويغىلى قادىردۇر. [24] ئەگەر سەن تەبىئىيچە ياۋا
بولغان زەيتۇن دەرىخىدىن كېسىلىپ، تەبىئەتنىڭ خىلاپىدا ئەسلى زەيتۇن دەرىخىگە ئۇلانغان
بولساڭ، قانچە زىيادىرەك ئەسلى شاخلار ئۆز زەيتۇن دەرىخىگە ئۇلىنىدۇ.

## ئىسرائىلنىڭ نىجات تېپىشى

[25] ئەي بۇرادەرلەر، ئۆزۈڭلارنى دانا سانىمىغايسىلەر دەپ، سىلەرنى بۇ سىردىن بىخەۋەر قويغىلى
خالىمايمەن، يەنى شۇ سىركى تائىپىلەر پۈتۈن سانى تولۇقلىنىپ ئىمانغا داخىل بولغۇچىلىك،
ئىسرائىلنىڭ بىر ھەسسىسى كۆڭۈل قاتتىقلىققا گىرىپتار بولۇپ تۇرىدۇ. [26] ئاندىن ھەممە
ئىسرائىل نىجات تاپىدۇ. شۇنداق ھەم پۈتۈلگەندۇر: «سى'وندىن قۇتقۇزغۇچى كېلىپ،
ياقۇپتىن ھەممە پاسىقلىقنى كۆتۈرىدۇ.
[27] ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كۆتۈرۈۋەتكىنىمدا ئۇلار بىلەن قىلىدىغان ئەھدەم ئۇشبۇ بولىدۇ».
[28] ئىنجىلغا قارىساق،ۋلار سىلەرنىڭ جەھەتىڭلاردىن دۈشمەندۇر، لېكىن ئىلغىنىشقا قارىساق،
ئاتا-بوۋىلار جەھەتىدىن ئامراقدۇر. [29] چۈنكى خۇدانىڭ مېھىر-شەپقەت ھەدىيەلىرى ۋە دەۋىتى
ياندۇرۇلمايدۇ. [30] سىلەر بىر ۋاقىتقىچە خۇداغا ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، ئەمدى ئۇلارنىڭ
ئىتائەتسىزلىكى بىلەن مەرھەمەت تاپقاندەك، [31] سىلەر تاپقان مەرھەمەت بىلەن ئۇلار ئۆزى
مەرھەمەت تاپسۇن دەپ، ئۇلار ئەمدى ئىتائەتسىزلىك قىلىۋاتىدۇ [32] چۈنكى خۇدا ھەممىسىگە
مەرھەمەت قىلماق ئۈچۈن، ھەممىسىنى ئىتائەتسىزلىككە گىرىپتار قىلدى.
[33] خۇدانىڭ غەنىيلىكى ۋە ھېكمىتى ۋە ئىلمى قانچە چوڭقۇردۇر. ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى
سۈرۈشتۈرۈشتىن ۋە ئۇنىڭ يوللىرى تەپتىش قىلىشتىن قانچە ئۈستۈندۇر. [34] خۇداۋەندىنىڭ
پىكرىنى كىم چۈشىنىپ يەتتى؟ ئۇنىڭغا مەسلىھەت بەرگۈچى كىمدۇر؟
[35] ياندۇرۇپ بەرسۇن دەپ، كىم ئىلگىرىدىن ئۇنىڭغا بىر نېمە ئۆتكۈزۈپ قويغان؟
[36] چۈنكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭغا ئەبەدىلئەبەد
شان-شەرەپ بولغاي. ئامىن.

## تىرىك قۇربانلىق

12 [1] ئەي بۇرادەرلەر، سىلەرگە خۇدانىڭ مەرھەمىتى بىلەن نەسىھەت قىلىمەنكى،
بەدەنلىرىڭلارنى بىر تىرىك، مۇقەددەس ۋە خۇداغا مەقبۇل قۇربانلىقتەك
كەلتۈرگەيسىلەر. روھىي ئىبادىتىڭلار شۇدۇر. [2] ئەمدى بۇ زاماننىڭ يۈرۈشىنى دورىماي،
خۇدانىڭ ئىرادىسى نېمە ئىكەنلىكىنى، يەنى نېمە ياخشى، مەقبۇل ۋە كامىل ئىكەنلىكىنى

تەپتىش قىلالىغۇدەك زېھنىڭلارنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن ئۆزگەرتىڭلار.
[3] ماڭا بېرىلگەن مېھىر-شەپقەت ھەدىيەسى بىلەن سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلارغا ئېيتىمەنكى،
ھەربىرىڭلار ئۆز توغرىسىدا لايىق بولغاندىن زىيادە ئېگىز پىكىر قىلماي، بەلكى خۇدا
ھەربىرىگە ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن ئىمانىنىڭ مىقدارىچە ئۆز توغرىسىدا سالماقلىق بىلەن
پىكىر قىلسۇن. [4] تولا ئەزالىرىمىز بىر بەدەندە بولغىنى بىلەن ھەممە ئەزالارنىڭ ئىشى بىر
بولمىغاندەك، [5] بىزلەر تولا بولغىنىمىز بىلەن مەسىھتە بىر بەدەن بولۇپ، خىزمەت ئۈچۈن
بىر-بىرىمىزگە ئەزا بولۇشىمىز. [6] لېكىن بىزگە ئاتا قىلىنغان مېھىر-شەپقەتكە مۇۋاپىق
باشقا-باشقا ھەدىيەلىرىمىز باردۇر. پەيغەمبەرلىك ھەدىيەسى بولسا ئىمانغا مۇۋاپىق بولسۇن.
[7] بىركىمنىڭ خىزمەت ھەدىيەسى بولسا خىزمەت قىلسۇن. تەلىم بېرىدىغان ھەدىيەسى بولسا
تەلىم بەرسۇن. [8] نەسىھەت بېرىدىغان ھەدىيەسى بولسا نەسىھەت بەرسۇن. ئۈلەشتۈرۈپ
بەرگۈچى بۇنى ساددىلىق بىلەن قىلسۇن. باشلىغۇچى غەيرەتلىك بولسۇن. مەرھەمەتلىك ئىش
قىلغۇچى بۇنى كۆڭۈل خۇشلۇقى بىلەن قىلسۇن.

## بۇرادەرلىك مۇھەببەت

[9] مۇھەببەت رىياسىز بولسۇن. يامانلىقتىن يىرگىنىڭلار، ياخشىلىقنى چىڭ تۇتۇڭلار.
[10] بۇرادەرلىك مۇھەببىتىدە بىر-بىرىڭلارنى دوست تۇتۇڭلار. ئىززەت كۆرسىتىشىڭلاردا بىر-
بىرىڭلاردىن ئۆتۈشۈڭلار. [11] غەيرەت قىلىشتا سۇس بولماڭلار، روھتا قىزغىن بولۇڭلار،
خۇداۋەندىگە بەندىچىلىك قىلىڭلار. [12] ئۈمىدتە خۇشال بولۇڭلار، تەڭلىكتە سەۋر قىلىڭلار،
دۇئادا داۋام قىلىڭلار. [13] مۇقەددەسلەرنىڭ مۇھتاجلىقىغا شېرىك بولۇڭلار ۋە مېھماندارچىلىق
قىلغىلى كۆڭۈل قويۇڭلار. [14] سىلەرنى قوغلىغانلارغا دۇئايىخەير ئوقۇڭلار. دۇئايىبەت قىلماي،
دۇئايىخەير ئوقۇڭلار. [15] خۇش بولغانلار بىلەن خۇش بولۇڭلار، يىغلىغانلار بىلەن يىغلاڭلار.
[16] بىر-بىرىڭلار بىلەن ئىتتىپاق بولۇڭلار. بەلەن پەرۋاز بولماڭلار، كەمتەرلەر بىلەن ھەمراھ
بولۇڭلار، ئۆزۈڭلارنى دانا بىلمەڭلار. [17] ھېچكىمگە يامانلىق ئورنىغا يامانلىق قىلماڭلار. ھەممە
ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ياخشى نەرسىلەرنى كۆزلەڭلار. [18] مۇمكىن بولسا، ئىمكانىيىتىڭلارچە
ھەممە ئادەملەر بىلەن ئىناق ئۆتۈڭلار. [19] ئەي ئامراقلىرىم، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئالماڭلار،
بەلكى خۇدانىڭ غەزىپىگە جاي بېرىڭلار. «خۇداۋەندە ئېيتىدۇكى: ئىنتىقام مېنىڭكىدۇر، مەن
ئۆزۈم ياندۇرۇپ بېرىمەن» دەپ پۈتۈلگەندۇر.
[20] لېكىن دۈشمىنىڭ ئاچ قالسا، ئۇنىڭغا غىزا بەرگىن. ئۇسسىسا، ئۇنىڭغا ئىچكۈلۈك بەرگىن،
چۈنكى بۇنى قىلساڭ، بېشىغا چوغ يىغىسەن. [21] ياماندىن بېسىلمىغىن، بەلكى ياماننى
ياخشىلىق بىلەن باسقىن.

## ھۆكۈمەتكە بويسۇنۇش

13 [1] ھەر كىشى ئۆز ئۈستىدىكى ھۆكۈمەتكە بويۇن سۇنسۇن، چۈنكى خۇدادىن بولمىغان
ھۆكۈمەت يوقتۇر ۋە بار ھۆكۈمەتلەر خۇدادىن توختىتىلغاندۇر. [2] ئۇنىڭ ئۈچۈن
ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرغۇچى خۇدانىڭ تەرتىپ قىلغىنىغا قارشى تۇرىدۇ ۋە شۇنىڭغا قارشى
تۇرغۇچىلار ئۆزىگە ھۆكۈم تاپتۇرىدۇ. [3] چۈنكى ئەمىرلەر ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا ئەمەس،
بەلكى يامانلىق قىلغۇچىلارغا قورقۇنچ كەلتۈرىدۇ. ھۆكۈمەتتىن قورقمىغىلى خالىساڭ،
ياخشى ئىش قىلغىن ۋە ئۇنىڭ تەرىپىدىن داڭلىنىسەن. [4] چۈنكى ئۇ سېنىڭ ياخشىلىقىڭ
ئۈچۈن خۇدانىڭ خىزمەتكارىدۇر. لېكىن يامان ئىش قىلساڭ، قورققىن، چۈنكى قىلىچنى
بىكارغا كۆتۈرمەي، بەلكى يامان ئىش قىلغۇچىدىن غەزەپ ئىنتىقامىنى ئالماق ئۈچۈن
خۇدانىڭ خىزمەتكارىدۇر. [5] ئۇنىڭ ئۈچۈن يالغۇز غەزەپ سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ۋىجدان
سەۋەبىدىن ھەم ئۇنىڭغا بويۇن سۇنماق لازىمدۇر. [6] ئۇلار شۇنىڭغا خەمىشە ئېتىبار قىلىپ،
خۇداغا خىزمەتكارچىلىق قىلغىنى ئۈچۈن باج ھەم بېرىسلەر. [7] ھەربىرىگە ئۆز ھەققىنى
بېرىڭلار. ئالۋان ئالىدىغانغا ئالۋان، باج ئالىدىغانغا باج، قورقۇنچقا ھەققى بولغانلارغا
قورقۇنچ، ئىززەتكە ھەققى بولغانلارغا ئىززەت بېرىڭلار.

## ئەمرلەرنىڭ ماھىيىتى

[8] ھېچكىمدىن بىر-بىرىڭلارنى دوست تۇتماقتىن باشقا قەرزىڭلار بولمىسۇن. چۈنكى
ھەقەمسايىسىنى دوست تۇتقان كىشى تەۋرات قانۇنىنى ئەمەلگە كەلتۈرگەن بولىدۇ. [9] چۈنكى
ئەمرلەر، يەنى زىنا قىلمىغىن، ئۆلتۈرمىگىن، ئوغرىلىمىغىن، تەمە قىلمىغىن ۋە باشقا ھەممە
ئەمرلەر ھەقەمسايەڭنى ئۆزۈڭدەك دوست تۇتقىن دېگەن سۆزدە جەم قىلىنغان. [10] مۇھەببەت
ھەقەمسايىگە يامانلىق قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەببەت ئۆزى تەۋرات قانۇنىنىڭ بەجا
قىلىنىشىدۇر.
[11] شۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇيقۇدىن ئويغىنىدىغان ۋاقتىڭلارنىڭ كەلگىنىنى بىلىڭلار.
چۈنكى نىجاتىمىز ئىمانغا كەلگەن ۋاقتىمىزدىكىدىن ئەمدى بىزگە يېقىنراق كېلىپ قالدى.
[12] كېچە ئۆتۈپ، كۈندۈز يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىشلىرىنى تاشلاپ، نۇرنىڭ
يارىغىنى كىيەيلى. [13] بەزمە ۋە هاراق مەجلىسلىرىدە ئەمەس، زىنا قىلىش ۋە بۇزۇقلۇقتا
ئەمەس، جېدەل ۋە ھەسەتتە ئەمەس، بەلكى كۈندۈزدىكىدەك ئەدەپ بىلەن ماڭايلى. [14] بەدەننى
شەھۋەت ئۈچۈن پەرۋىش قىلماي، بەلكى خۇداۋەندە ئەيسا مەسىھنى كىيىڭلار.

## بۇرادىرىڭلارنى ھۆكۈم قىلماڭلار

14 [1] بىركىم ئېتىقادتا ئاجىز بولسا، سىلەر شەك پىكىرلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم قىلماي،
ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار. [2] بىركىمنىڭ ھەر نەرسە يېيىشكە ئېتىقادى بار، يەنە بىرى
ئېتىقادتا ئاجىز بولۇپ يالغۇز يەردىن ئۈنگەننى يەيدۇ. [3] يەيدىغان كىشى يېمەيدىغان كىشىنى خار
كۆرمىسۇن ۋە يېمەيدىغان كىشى يەيدىغان كىشىنى ھۆكۈم قىلمىسۇن، چۈنكى خۇدا ئۇنى قوبۇل
قىلىدۇ. [4] باشقىسىنىڭ خىزمەتكارىنى ھۆكۈم قىلغىلى سەن كىمدۇرسەن؟ ئۇ ئۆز خوجىسىنىڭ
ئالدىدا تۇرىدۇ ياكى يىقىلىدۇ. لېكىن تۇرىدۇ، چۈنكى خۇدا ئۇنى تىك تۇرغۇزۇشقا قادىردۇر.
[5] بىركىم بىر كۈندىن يەنە بىرىنى ئەۋزەل كۆرىدۇ، يەنە بىرى ھەممە كۈنلەرنى ئوخشاش كۆرىدۇ.
ھەر كىشى ئۆز كۆڭلىدە شەكسىز بولسۇن. [6] تايىن بىر كۈننى ئېتىبار قىلغان كىشى خۇداۋەندە
ئۈچۈن شۇنى قىلىدۇ ۋە يەيدىغان كىشى خۇداۋەندە ئۈچۈن يەپ، خۇداغا شۈكۈر ئېيتىدۇ ۋە
يېمەيدىغان كىشى خۇداۋەندە ئۈچۈن يېمەي، خۇداغا شۈكۈر ئېيتىدۇ. [7] چۈنكى ھېچبىرىمىز
ئۆزى ئۈچۈن ياشىمايدۇ ۋە ھېچكىم ئۆزى ئۈچۈن ئۆلمەيدۇ. [8] ئەگەر ياشىساق، خۇداۋەندە ئۈچۈن
ياشايمىز، ئۆلسەك خۇداۋەندە ئۈچۈن ئۆلىمىز، ياشىساق ياكى ئۆلسەك خۇداۋەندىنىڭكىدۇرمىز.
[9] چۈنكى ئۆلگەنلەر ۋە تىرىكلەرنىڭ رەببى بولماق ئۈچۈن مەسىھ ئۆلۈپ، يەنە تىرىلىپ قوپتى.
[10] لېكىن سەن نېمىشقا بۇرادىرىڭنى ھۆكۈم قىلىسەن؟ ۋە سەن بولساڭ نېمىشقا بۇرادىرىڭنى
تەھقىر قىلىسەن؟ ھەممىمىز خۇدانىڭ ھۆكۈم تەختىنىڭ ئالدىدا بىر كۈنى تۇرىمىز ئەمەسمۇ؟
[11] چۈنكى پۈتۈلگەنكى مېنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىم راست بولغاندەك، دەرۋەقە ماڭا ھەر تىز
پۈكۈلۈپ، ھەر تىل خۇداغا ھەمد ئېيتىدىغان بولىدۇ» دەپ خۇداۋەندە ئېيتىدۇ.
[12] دەرۋەقە ھەربىرىمىز ئۆز توغرىسىدا خۇداغا ھېساب بېرىدۇ.

## ئازدۇرۇلۇشقا سەۋەب بولماڭلار

[13] ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر-بىرىمىزنى يەنە ھۆكۈم قىلمايلى، بەلكى ھېچكىم ئۆز بۇرادىرىگە بىر
پۈتلىكاشاڭ ياكى بىر تايدۇرۇشنى قويمىسۇن دەپ قارار قىلىڭلار. [14] مەن ئۇقۇپ خۇداۋەندە
ئەيسادا تايىن بىلىمەنكى، ھېچ نەرسە ئۆزى ناپاك ئەمەس، ئەمما بىركىم بىر نەرسىنى ناپاك
سانىسا، ئۇنىڭغا شۇ نەرسە ناپاك بولىدۇ. [15] ئەگەر بۇرادىرىڭ تائامىڭ ئۈچۈن بىئارام بولسا،
مۇھەببەتكە مۇۋاپىق يۈرمەيسەن. مەسىھ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلگەن كىشىنى تائامىڭ بىلەن ھالاك
قىلمىغىن. [16] ياخشى نېمەڭلار دەشنەم قىلىنىشقا سەۋەبچى بولماڭلار. [17] چۈنكى خۇدانىڭ
پادىشاھلىقى يېمەك ۋە ئىچمەكتە ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس روھ بىلەن بولغان ئادالەت،
ئامانلىق ۋە خۇشلۇقتىدۇر. [18] شۇنىڭدا مەسىھكە بەندىچىلىك قىلغان كىشى خۇدانىڭ ئالدىدا
مەقبۇل بولۇپ ئادەملەرنىڭ ئالدىدا خۇش كۆرۈنگۈدەكتۇر.
[19] ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئامانلىققا ۋە بىر-بىرىمىزنىڭ تەمىر قىلىنىشىغا ئىشلەيدىغان

ئىشلارغا ئاتايلى. 20 غىزا سەۋەبىدىن خۇدانىڭ ئىشىنى بۇزمىغىن. ھەر نەرسە پاكىزدۇر،
لېكىن بىر كىشى يېمەكنى يېمەكلىكى بىلەن تايسا، ئۇنىڭغا يامان بولىدۇ. 21 گۆش يېمىسەڭ يا شاراب
ئىچمىسەڭ ياكى بۇرادىرىڭنى تايدۇرىدىغان، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان ياكى ئۇنى
ئاجىزلاشتۇرىدىغان باشقا ئىشنى قىلمىساڭ، ياخشىدۇر. 22 سەندە بار ئېتىقاد خۇدانىڭ ئالدىدا
ئۆزۈڭگە بولسۇن. ئۆزى راست دەپ بىلگەن ئىش ئۈچۈن ئۆز ۋىجدانىدىن ئەيىبلەنمىگەن كىشى
مۇبارەكتۇر. 23 لېكىن شەك كەلتۈرگۈچى يېسە، ھۆكۈم قىلىنىدۇ، چۈنكى ئېتىقاد بىلەن
يېمىدى ۋە ئېتىقاد بىلەن قىلىنمىغان ھەر ئىش گۇناھتۇر.

## كۈچلۈك ۋە ئاجىز بولغانلار

15 1 بىز كۈچلۈك بولغانلار ئۆزىمىزنى رازى قىلماي، ئاجىزلارنىڭ زەئىپلىكلىرىنى
كۆتۈرمەككە پەرزىمىز بار. 2 بىزنىڭ ھەربىرىمىز ھەقەمسايىسىنىڭ ياخشىلىقى
ۋە تەمىر قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنى رازى قىلغىلى تىرىشسۇن، 3 چۈنكى: «ساڭا دەشنەم
قىلغۇچىلارنىڭ دەشنىمى مېنىڭ ئۈستۈمگە چۈشتى» دەپ پۈتۈلگەندەك مەسىھ ئۆز خۇش-
رىزالىكىنى ئىزدىمىدى.
4 ھەرنىمە ئىلگىرىدىن پۈتۈلگەن بولسا، سەۋر ۋە مۇقەددەس يازمىلارنىڭ تەسەللىسى بىلەن
ئۈمىدىمىز بولغاي دەپ، بىزنىڭ تەلىمىمىز ئۈچۈن پۈتۈلگەندۇر. 5 سەۋر بىلەن تەسەللىنىڭ
تەڭرىسى سىلەرگە مەسىھ ئەيسانىڭ ھېسابىچە بىر كۆڭۈللۈك بولغىلى نېسىپ بەرگەيكى،
6 سىلەر خۇداۋەندىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ ئاتىسى خۇداغا بىر كۆڭۈل ۋە بىر تىل بىلەن شان-
شەرەپ بېرىشكەيسىلەر.
7 خۇدانىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن، مەسىھ ئۆزى سىلەرنى قوبۇل قىلغانىدەك، بىر-بىرىڭلارنى
قوبۇل قىلىڭلار. 8 چۈنكى شۇنى ئېيتىمەنكى، مەسىھ ئاتا-بوۋىلارغا بېرىلگەن ۋەدىلەرنى
تەستىقلاپ، خۇدانىڭ ساداقىتى جەھەتىدىن خەتنىلىكلەرنىڭ خىزمەتكارى بولدى. 9 لېكىن
تائىپىلەر خۇداغا ئۇنىڭ مەرھەمىتى ئۈچۈن شان-شەرەپ بەردى. شۇنداق ھەم پۈتۈلگەنكى:
«ئۇنىڭ ئۈچۈن تائىپىلەر ئارىسىدا ساڭا ھەمدە ئېيتىپ، ئىسمىڭغا مەدھىيە ئوقۇغاي»
10 ۋە يەنە ئۇ ئېيتىدۇكى: «ئەي تائىپىلەر، ئۇنىڭ قوۋمى بىلەن شادلىق قىلىڭلار»
11 ۋە يەنە: «ئەي ھەممە تائىپىلەر، خۇداغا ھەمدە ئېيتىڭلار، ئەي ھەممە خەلق، ئۇنى داڭلاڭلار»
دەپ پۈتۈلگەندۇر.
12 ۋە يەنە يەشايا: «يەشاينىڭ يىلتىزىدىن چىققان نوتا كېلىدۇ. ئۇ قوپۇپ، تائىپىلەر ئۈستىگە
سەلتەنەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تائىپىلەر ئۈمىد باغلايدۇ» دەپ ئېيتقان.
13 ئەمدى ئۈمىدنىڭ تەڭرىسى مۇقەددەس روھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۈمىدتە ئاشمىقىڭلار ئۈچۈن
ئېتىقاد قىلغىنىڭلاردا سىلەرنى تولۇق خۇشاللىق ۋە ئامانلىق بىلەن تولدۇرغاي.

## پاۋلۇسنىڭ خىزمىتى - ئاڭلىمىغانلارغا ئىنجىلنى يەتكۈزۈش

14 ئەمما مەن ئۆزۈم بولسام، ئەي بۇرادەرلىرىم، سىلەرنىڭ ياخشىلىق بىلەن تولغىنىنى، ھەممە
مەرىپەت بىلەن تولۇقلۇق بولۇپ، بىر-بىرىڭلارغا نەسىھەت بەرگىلى قادىر بولغىنىڭلارنى
بىلىپ، سىلەرنىڭ توغراڭلاردا خاتىرجەمدۇرمەن. 15 لېكىن بەزى ئىشلارنى يەنە يادىڭلارغا
سالماق ئۈچۈن، خۇدادىن ماڭا ئاتا قىلىنغان مېھىر-شەپقەتكە مۇۋاپىق سىلەرگە بىپەرۋالىق
بىلەن پۈتتۈم. 16 شۇنداق قىلىپ، تائىپىلەر مۇقەددەس روھ بىلەن پاك-مۇقەددەس قىلىنىپ،
مەقبۇل بىر قۇربانلىق قىلىنىشى ئۈچۈن، خۇدانىڭ ئىنجىلىنىڭ كاھىنلىق خىزمىتىنى
قىلىپ، تائىپىلەرگە مەسىھ ئەيسانىڭ كاھىنى بولغايمەن. 17 ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇدانىڭ
ئالدىدىكى خىزمىتىم جەھەتىدىن مەسىھ ئەيسادا پەخرىم بار. 18 چۈنكى مەسىھ تائىپىلەرنى
ئىتائەتكە كەلتۈرمەك ئۈچۈن، خاھى سۆزدە، خاھى ئەمەلدە، خاھى ئالامەت ۋە مۆجىزىلەرنىڭ
قۇۋۋىتىدە، خاھى مۇقەددەس روھنىڭ قۇۋۋىتىدە بولسا، مېنىڭ ۋاستەم بىلەن قىلغان
ئىشلىرىدىن باشقا ئىش توغرىسىدىن سۆزلىگىلى جۈرئەت قىلمايمەن. 19 ئۇنىڭ ئۈچۈن
يېرۇسالېمدىن تارتىپ، ئىللىرىكۇم يۇرتىغىچە ئايلىنىپ، ھەر يەردە ئىنجىلنى تولۇق جاكارلاپ
يۈردۈم. 20 باشقىسىنىڭ ئۇلى ئۈستىگە ياسىماي دەپ، مەسىھنىڭ ئىسمى مەلۇم بولمىغان
يەرلەردە ئىنجىلنى ۋەز ئېيتقىلى ئىجتىھات قىلدىم. 21 بەلكى: «ئۇنىڭ توغرىسىدىن بىخەۋەر
بولغانلار كۆرىدۇ ۋە ئاڭلىمىغانلار ئۇقىدۇ» دەپ پۈتۈلگەندەك قىلدىم.
22 بۇنىڭ ئۈچۈن تولا ۋاقىت قېشىڭلارغا كېلىشتىن توسۇلدۇم.

## پاۋلۇس رىمغا بارماقچى

23 لېكىن ئەمدى بۇ تەرەپلەردە ماڭا يەنە بىر يەر قالمىدى ۋە تولا يىللاردىن تارتىپ ئالدىڭلارغا
كەلگىلى ئىشتىياقىم باردۇر. 24 ئىسپانىيىگە بېرىپ ئۆتۈشۈمدە سىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ،
سىلەرنى سېغىنىدىغان ئىشتىياقىمنى ئازغىنا قاندۇرغاندىن كېيىن، سىلەردىن باشلاندۇرۇلۇپ،
ئۇ يەرگە بارغىلى ئۈمىد قىلىمەن.
25 لېكىن ئەمدى مۇقەددەسلەرگە خىزمەت قىلغىلى يېرۇسالېمغا بارىمەن. 26 چۈنكى ماكېدونىيە
بىلەن ئاخايەدىكىلەر يېرۇسالېمدىكى مۇقەددەسلەرنىڭ پېقىرلىرىغا بىر ئىئانە بەرگىلى خۇش
كۆردى. 27 دەرۋەقە ئۇلار شۇنى خۇش كۆردى، چۈنكى تائىپىلەر ئۇلارنىڭ روھىي نېمەتلىرىگە
شېرىك بولغاندىن كېيىن، ئۆز جىسمانىي نېمەتلىرى بىلەن يېرۇسالېمدىكىلەرگە خىزمەت
قىلغىلى پەرزى بولۇپ، ئۇلاردىن قەرزداردۇر. 28 بۇنى پۈتكۈزۈپ، بۇ ئېتىقاد مېۋىسىنى ئۇلارغا
تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئالدىڭلاردىن ئۆتۈپ، ئىسپانىيىگە بارىمەن. 29 مەن ئالدىڭلارغا
كەلگەندە مەسىھنىڭ بەرىكىتىنىڭ تولۇقلۇقى بىلەن كېلىدىغىنىمنى بىلىمەن.
30 ئەمدى، ئەي بۇرادەرلەر، خۇداۋەندىمىز ئەيسا مەسىھ بىلەن ۋە روھنىڭ مۇھەببىتى

بىلەن سىلەرگە يالۋۇرىمەنكى، مەن بىلەن كۆرۈشۈپ، دۇئالىرىڭلاردا مەن ئۈچۈن خۇدادىن تىلىگەيسىلەر. [31] يەھۇدىيەدىكى ئىمانسىزلاردىن قۇتۇلۇشۇم ئۈچۈن ۋە يېرۇسالېمدىكىلەرگە قىلىدىغان خىزمىتىم مۇقەددەسلەرنىڭ ئالدىدا قوبۇل قىلىنغۇدەك بولۇش ئۈچۈن، [32] شۇنداق قىلىپ، خۇدانىڭ ئىرادىسى بولسا ئالدىڭلارغا خۇشلۇق بىلەن كېلىپ، سىلەر بىلەن راھەت تېپىشىم ئۈچۈن دۇئا قىلغايسىلەر. [33] ئامانلىقنىڭ تەڭرىسى ھەممەڭلار بىلەن بولغاي. ئامىن.

## ئاخىرقى تەلىم ۋە سالاملار

16 [1] كېنخرىيەدىكى جامائەتنىڭ خىزمەتچىسى بولغان ھەمشىرىمىز فىبەنى سىلەرگە تەۋسىيە قىلىپ تونۇشتۇرىمەن. [2] خۇداۋەندىدە مۇقەددەسلەرگە لايىق بولغۇدەك تەرىقىدە ئۇنى قوبۇل قىلىپ، سىلەردىن ھاجىتى بولغان ھەر ئىشتا ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەيسىلەر. چۈنكى ئۇ ئۆزى تولا كىشىگە ۋە ھەم ماڭا ياردەمچى بولغان.
[3] مەسىھ ئەيسادا ھەمكارلىرىم بولغان پرىسكىللا ۋە ئاكۋىلاغا سالام ئېيتىڭلار. [4] ئۇلار مېنىڭ جېنىم ئۈچۈن ئۆز بويۇنلىرىنى قويىدى ۋە يالغۇز مەن ئەمەس، بەلكى تائىپىلەرنىڭ ھەممە جامائەتلىرى ھەم ئۇلارغا مىننەتدار.
[5] ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى جامائەتكە ھەم سالام ئېيتىڭلار. ئاسىيا يۇرتىدىكى مەسىھكە ئىشەنگەنلەرنىڭ تۇنجى ھوسۇلى بولغان ئامرىقىم ئېپەنتۇسقا سالام ئېيتىڭلار.
[6] سىلەر ئۈچۈن تولا ئەمگەك تارتقان مەريەمگە سالام ئېيتىڭلار.
[7] مەندىن ئىلگىرى مەسىھنىڭ شاگىرتلىرى بولۇپ، روسۇللارنىڭ ئارىسىدا مۆتىۋەرلىك بولغان تۇرمىداش رەپىق ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم ئاندرونىكۇس بىلەن يۇنىياسقا سالام ئېيتىڭلار.
[8] خۇداۋەندىدە ئامرىقىم ئامپلىياسقا سالام ئېيتىڭلار.
[9] مەسىھنىڭ خىزمىتىدە ھەمكارىمىز بولغان ئۇربانۇسقا ۋە ئامرىقىم ئىستاخۇسقا سالام ئېيتىڭلار.
[10] مەسىھتە يارامىلىق ئاپېلىسقا سالام ئېيتىڭلار. ئارىستوۋۇلۇسنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە سالام ئېيتىڭلار.
[11] ئۇرۇق-تۇغقىنىم ھىرودىيونغا سالام ئېيتىڭلار. ناركىسۇسنىڭ ئۆي خەلقىدىن بولغان خۇداۋەندىدىكىلەرگە سالام ئېيتىڭلار. [12] خۇداۋەندىدە ئىشلىگۈچى ترىفىنا بىلەن ترىفوساغا سالام ئېيتىڭلار. خۇداۋەندىدە تولا ئىشلىگەن ئامراق پېرسىسگە سالام ئېيتىڭلار.
[13] خۇداۋەندىدە ئىلغانغان رۇفۇسقا ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ئانامغا سالام ئېيتىڭلار.
[14] ئاسىنكرىتۇسقا، فىلگونغا، ھەرمىسكە، پاتروۋاسقا، ھېرماسقا ۋە ئۇلار بىلەن بولغان بۇرادەرلەرگە سالام ئېيتىڭلار.
[15] فىلولولوگۇس بىلەن يۇلىياغا، نىرىيۇس بىلەن ھەمشىرىسىگە ۋە ئولىمپاسقا ۋە ئۇلار بىلەن بولغان مۇقەددەسلەرنىڭ ھەممىسىگە سالام ئېيتىڭلار.

16 مۇقەددەس سۆيۈش بىلەن بىر-بىرىڭلارغا سالام قىلىڭلار. مەسىھنىڭ ھەممە جامائەتلىرى
سىلەرگە سالام ئېيتىدۇ.

17 ئەي بۇرادەرلەر، سىلەرگە يالۋۇرىمەنكى، ئۆزۈڭلار قوبۇل قىلغان تەلىمگە زىت بولغان
ئايرىلماقلىق بىلەن ئازدۇرماقلىق چىقارغۇچىلاردىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۇلاردىن نېرى
تۇرۇڭلار. 18 چۈنكى شۇنداقلار خۇداۋەندىمىز مەسىھكە خىزمەت قىلماي، ئۆز قورساقلىرىغا
خىزمەت قىلىپ، سىلىق سۆز ۋە چىرايلىق گەپ بىلەن ساددىلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئالدايدۇ.
19 ئىتائىتىڭلار ھەممىلەرگە مەلۇم بولدى ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشتۇرمەن، لېكىن ياخشىلىقتا
دانا ۋە يامانلىقتا ساددا بولۇشۇڭلارنى خالايمەن. 20 مانا ئامانلىقنىڭ تەڭرىسى پات يېقىندا
شەيتاننى پۇتلىرىڭلارنىڭ تېگىدە ئېزىدۇ. خۇداۋەندىمىز ئەيسانىڭ مېھىر-شەپقىتى سىلەر
بىلەن بولغاي.
21 مېنىڭ ھەمكارىم تىموتېئۇس ۋە قېرىنداشلىرىم لۇكىيۇس، ياسۇن ۋە سوسىپاتىر سىلەرگە
سالام ئېيتىدۇ. 22 مەن بۇ خەتنى پۈتكۈچى تېرتىئۇس خۇداۋەندىدە سىلەرگە سالام ئېيتىمەن.
23 مېنى ۋە ھەممە جامائەتتىكىلەرنى مېھمان قىلغان گايۇس سىلەرگە سالام ئېيتىدۇ، شەھەرنىڭ
خەزىنىچىسى ئاراستۇس ۋە بۇرادىرىمىز كۋارتۇس سىلەرگە سالام ئېيتىدۇ. 24 خۇداۋەندىمىز ئەيسا
مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتى ھەممەڭلار بىلەن بولغاي. ئامىن.
25 ئەمما مەن يەتكۈزگەن ئىنجىلىم ۋە ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى ۋەزىمگە مۇۋاپىق، دەۋرلەردىن
بېرى يوشۇرۇلۇپ، ئەمدى ئاشكارا قىلىنغان سىرغا مۇۋاپىق، سىلەرنى قۇۋۋەتلەندۈرگىلى قادىر
بولغاننىڭ ئۆزىگە شان-شەرەپ بولغاي. 26 ئەمدى ئۇ سىر ئاشكارىلىپ، ئەزەلىي تەڭرىنىڭ
ئەمرىگە مۇۋاپىق، ھەممە تائىپىلەرنىڭ ئارىسىدا، ئۇلارنى ئىماننىڭ ئىتائەتمەنلىكىنىڭ
يولىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، پەيغەمبەرلىك مۇقەددەس يازمىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن
بايان قىلىنغاندۇر. 27 ئۇ يېگانە ھېكمەتلىك خۇداغا ئەيسا مەسىھنىڭ ۋاستىسى بىلەن تا
ئەبەدىلئەبەد شان-شەرەپ بولغاي. ئامىن.